# قوتلوق- توركان

## ئوپېرەتتى

محمد امين بوغرا

1948

بسم الله الرحمن الرحيم


تونجى باسقى

توموز ، 1984

بوكتاپ ، يازغوچىسىنىڭ ۋەپاتىنىڭ اون توققوزىنجى
يىلكونى موناسەۋىتى بىلەن ، قىزى فا طمەبوغرا
تەرەپىدىن ، باستورولوپ بەدەلسىز تارقىتىلدى .

**Abidindaver Sok. No. 37/6, Çankaya**
**Ankara, Türkiye**

# قوتلوق- توركان

## ئوپېرەتى

محمد امين بوغرا

# سونوش

محمدامين بوغرا نىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىككىنجى سىنى سونغان
لىقىمىز ئوچون بەختيار مىز. ئەمدى قوتلوق تورگان ئوپىرەتى، يىزىلىپ
ئارادىن ئوتتوز ئالتى يىل ئوتكەندىن كىن تونجى قىتىيم بەسلىپ
ئەثەرنىڭ ئوز ئىگەسى بولغان خلقىمىزگە تەقتىم قىلىنىغان بولدى.
ئەسەرنى باھالاش وە يا تەنقىت قىلىش، خەلقىمىزنىڭ ئوز
ئاراسىدا يىتىشكەن تارىخ ۋە ئەدەبىيى سەنئەت ئەربابى گەتگىشلىك
بىر ئىش دور ئەلبەتتە.

ھىكايەدە ئوتكەن كىشلەرنىڭ قيافىتىنى وە كييم- كيچكىنى
كورسەتمەك ئوچون سىزدورولغان رەسىملەر، ئوز واختىدا يازغوچى
نىڭ قولىدە بارئىدى. ئارادىن ئوتكە زامان ئىچيدە يىتىپكەتكەن.
ئورنىغا چەت مەملىكە تلەردىن يورتىمىزغا كەلگەن ئارخيولوگيا ئالىم
لىرى كەشپىاتىدىن بولغان بەزى رەسىملەرنى بو تومنىڭ ئىچىگە
ئالدوق. يورتىمىزنىڭ سەككىزىنجى ئەسىر (ميلادى) دەكى
مەدەنيەتنى تەمسىل قىلادورغان بو رەسىملەر، تورپان، كوچا،
دوڭخاك دەكى مىڭ ئوى خارابەلەرىدە تەپىلغان تامسىزىقى
سەنئەت ئەسەرلەرىدىن بولوپ كوپساندا ئىلمى كىتاپلەردە يەر
ئالغان.

قوتلوق- توركان ئوپىرەتى يازىلغان زاماندىن بوياق، ياز و
تىلىمىزدە بولغان ئوزگوروش نى كوز ئالديدا توتوپ، ئەثەرنى
ئيملا جەھەتىدىن بىر ئولچەم قولدىن كەچوردوك. بەزى قديم
سوزلەرنىڭ ھازرقى ئويغورچە قارشلىقى ھاشيەلەردە كورسەتىلدى



AltunOq

قوتلوق- توركان، 1956-1958 يىللىرى ئاراسىدا محمد امين بوغرا تەرىپىدىن ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان *Türkistan Sesi* ژورنالىدە توركىيە توركچەسى بىلەن بەسىلغان ئىدى. بىز ئەمدى شو تەرجومەنى ئوزپەتىدا بو تومنىڭ ئىچىگە ئالدوق. شونىڭ بىلەن موها چەرەتتە ئوسكەن، هازىرقى ئويغور چەنى ئوقوشنى بىلمىگەن يورتداشلىرىمىزغە ۋە هم توركىستاندا ۋە توركىيەدە قوللىنىواتقان ئىككى قرىنداش لەجەلەرنى موقايەسە قىلماق ئىستىگەن لەر ئوچون بىر خىزمەت قىلدوق دەپ توشونومىز.

بو ئەسەرنى نەشر قىلىشتا ماددى وە مەنىوى ياردىملىرىنى بىزدىن ئەسىرگەمىگەن سعودى عربستاندا ئولتوروشلوغ يورتداشلىرىمىزگە، بو وەسىلە بىلەن مىننەتتارلىقىمىزنى بىلگوزىمىز.

فاطيمە بوغرا
انقره، 1984

# يازغۇچى نىڭ قىسقە تەرجىمە ھالى



مەھەممەت ئىمىن بۇغرا، 1901 دە خوتەن شەھرىدە تۇغۇلغان. دادىسى پىراۋىدىن ھاجىمدىن كىچىك ياشتا يېتىم قالغان. ئاناسى سەكىنەبانۇنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا 9 يېشىدا باشلانغۇچ ئوقۇشنى ۋە 22 ياشىدا لوپ، خوتەن ۋە قاراقاشدىكى مەدرەسەلەردە دىنى ئىلىملەرنى ۋە ئەرەپچە- پارسچە تىل ۋە ئەدەبىيات تەھسىلىنى پۈتتۈرگەن. ئوتتۇز ياشىغىچە قاراقاش ئويباغ مەدرەسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ ئارادا ھەرەمگاندىن پايدىلىنىپ ئۆزى ئۆزىنى ئىلمى جەھەتتىن يېتىشتۈرگىلى تىرىشقان مەھەممەت ئىمىن داموللام دەپ تونۇلغان بۇغرا، زامانىڭ زالىم ئەمەلدارلىرىنىڭ قولقىلىشى ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدىنى ياقلاپ شەرىئەت مىمبەرىدىن بۇ ئاھۋال ئۈستىدە شىكايەت قىلغان. خەلقنى بۇ پەلاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆرەشكە ئىرادە باغلىغان. بۇ مەخسەت بىلەن 1930 دا ئۆلكە ئىچىدە ئۇزۇن بىر سىياھەتكە چىقىپ ئۆتكۈر فىكىرلىك ۋە بىلىملىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ مەدەنى ئىسلاھات ۋە ئەركىنلىككە يېتىش يولىنى ئىزدىگەن. ئۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ جاھىل ۋە مۇستەبىتلىكى سەۋەبىدىن سىياسى يول بىلەن نەتىجىگە ئولاشقىلى بولماسلىقىنى تونۇپ قوراللىق ئىنقىلاپ ئارقىلىق ئۆلكەنىڭ مەسىلەسىنى ھەل قىلىش قارارىغا كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەندە مەخپى تەشكىلات قۇرغان. 1932 يىلى 2 نجى ئايدىن 1933 يىلى 9 نجى ئايغىچە ئۆلكەنىڭ جەنۇبىدىكى مىللى ئىنقىلاپقا يەتەكچىلىك قىلغان. بۇ چاغدا خوتەن ئەمىرى دەپ ئاتالغان بۇغرا، ماخۇسەن قوۋۋەتلىرىگە مەغلۇپ بولۇپ ۋەختىنچە يۇرتتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان.

1934-42 يىللىرى ئارىسىدا ھىندىستان ۋە ئەپغانىستاندا تۇرۇپ ئۆلكەمىزنىڭ تارىخىي – سىياسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان. 1944 دە چۇنچىن دە گومىنداڭغا ئەزاسى بولۇپ ئۆلكىنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكى يولىدا خىزمەت قىلىشقا تىرىشكەن. 1945 دە يۇرتقا قايتقان. ئۆلكەلىك ھۆكۈمەتتە تەمىرات نازىرى ۋە موئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلىگەن مەھەممەت ئىمىن ھەزرەت، شۇ يىللاردا ئۈرۈمچى دارىلپۇنۇندا تارىخ دەرسى بەرگەن. بوجەريانىدا ياشلارغا مىللىي ئاڭ بېرىش ۋە مىللىي مختارىيەت مەپكۇرەسىنى كۈچايتىش بىلەن شۇغۇللانغان.

مەھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئىلمىي — ئەدەبىي ساھەدە موكوپ خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۆلكەمىزنىڭ موپەسسەل تارىخىنى تۇنجى قېتىم يېزىپ چىقىپ تارىخىمىزنى روشەنلەشتۈرگەن، ئالتاي نەشرىياتى (چۇنچىن)، ئەرك گېزىتى (ئۈرۈمچى)، تۈركىستان (ئىستانبۇل) ۋە تۈركىستان ئاۋازى (ئەنقەرە) ژۇرناللىرىنىڭ باشمۇھەررىرلىكىنى ئۆتىگەن؛ بىرنەچچە كىتاپ ۋە يۈزلەرچە ماقالە ۋە شېئىر يازغان.

1949 يىلى ئاخىرىدا ياتا يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان مەھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئىككى يىلغىچە كەشمىردە تۇرۇپ ئاندىن كېيىن تۈركىيەگە يۆتكەلگەن؛ 1965 دە يۈرەك سەكتىسىدىن ئەنقەرەدە قازا قىلغان.

# كىرىش سوز

ئولكەمىز خەلقىنىڭ بەك قەدىم زامانلاردىن بويان مەدەنىي تورموشنىڭ ھەر دەوردىكى شەكلىنى ئىجاد قىلىپ ۋەيا ئوگونوپ ئوزلەشتورگەنلىكى ۋە ھەرزاماننىڭ مەدەنىي تورموشىنىڭ ئىڭ ئىلگىرى دەرەجەسىدە ياشاپ ئوتكەنلىكى يىڭىلمەس تارىخىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەت دور. بو دەلىللەرنىڭ ئىڭ كوچلوگىنى ئوزئورنىدا ياكى ئاوروپا موزەخانالىرىدا ساقلىنىواتقان ئاسارئەتىقەلىرىمىز ئاشكارە كورسەتمەكدە.

مونداغ تارىخى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەر بىر دەورىدىكى تورموشلىرىنى ۋە موھىم ۋەقەلىرىنى رومان، ئوپېرا، دراما ۋە ھىكايە شەكىللىرى بىلەن تەسۋىرلەپ جاھاننىڭ تەنقىت ۋە ئىبرەت سەھنەلىرىگە قويوش چوڭ بىر مىللى ۋە ئەدەبى ۋەزىپەدور. بو ۋەزىپەنى ھەر مىللەتنىڭ يازغوچىلىرى ھەر تورلوك قىيىنچىلىقلەرگە چىداپ قىلغان مەنىۋى ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشورماقتا. ھەمدە شو مىللەتنىڭ سەنەتكارلىرى پوتون بەديئى سەنئەت قابىلىيەتلىرىنى بو مىللى ئەسەرلەرگە بېغىشلاپ يقىن و يىراقنىڭ ئويون سەھنەلىرىدە مىللى بارلىقلەرىنى كورسوتوشكە غەيرەت قىلماقتا.

شەرقى توركستانىمىزدىمو ئوتموشتىكى مەدەنىي تورموشنى تەسويرلەيدىغان ئەسەرلەر ئاز ئەمەس. بولوپمو بوكونلەردە ياش يازغوچىلىرىمىز بوخىل ئەسەرلەرنى وجوتقا چىقىرىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە. مەسەلەن: تاھىرزوھرا، رابىئەسەئىدىن

قانلىق داغ ، چىن مودىن ، نىياز قىزغا ئوخشاش ئەسەر لەر بۇ جۇملىدىن ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ۋە پەرھاد شىرىن[1] ، غېرىپ سەنەم ، ئارشىن مال ئالان دېك يەرلىك بولمىغان ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە لىرى سەھنە لىرىمىزدە ئوينالماقتا. بىراق بۇ ئەسەرلەرنىڭ خەلقىمىز نىڭ روھى تىلەكلىرىگە خىزمىتى تولۇق ئەمەس دەپ ئويلاي مەن. چۈنكى بۇ ئەسەرلەر پۈتۈنلەي خەلقىمىزنىڭ ياتلار قولىدا ياكى يەرلىك مۇستەبىت لەرنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىشىنى ۋە شۇڭا ئوخشاش پاجىئەلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇمۇ ئۆز يولىدا ئىبرەت دەرسى بېرىشتە مۇھىم دەرىجىدە خىزمەت قىلىدۇ.

بىراق ئەسىرلەردىن بېرى زۇلۇم ۋە بەختسىزلىك پاتقاقلىرىدا ئېچىدە كېچىپ ياشىغان ۋە پاجىئەنىڭ تۇر- لۇك مەنزىرىلىرىنى كېچە كۈندۈز كۆرۈپ زېرىككەن خەلقىمىز نىڭ روھى تىلەكلىرى باشقىدۇر. بۇ تىلەك ئۆتمۈش تىكى مىللى شەرەپ ۋە تارىخى يۈكسەكلىك دەۋرلىرىنىڭ ئىسىل ۋە خۇش مەنزىرىلىرىنى سەھنە مەيدانىدا گەۋدىلەنگەن ھالدا تاماشا قىلماق بىلەن زەوق ئېلىش ، ۋە بىزنى تارىخ دا ئۆرنى يوق دېگۈچى لەرگە كۆرسىتىپ ئىقرار قىلدۇرۇش ئارزۇسىدىن ئىبارەتدۇر. بۇ كۆزقاراشلەرنى ئالغا سۈر گەن بەزى دوستلىرىم ماڭا دېيىشتىكى: " سەن بىزنىڭ مىللى تارىخىمىزغا دائىر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە كىشىلەرنىڭ بىرىسى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ بۇ روھى ئېھتىياجىغا لايىق بىر ئەسەر يېزىش سىنىڭ قولىڭدىن كېلىدۇ ۋە يازساڭ كۆپ پايدا لىق بولىدۇ." ئەمما مەن بەدىئى سەنئەتدىن بىر نەرسە بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ ئىشقا جاسارەت كۆرسىتەلمەيتتىم. لېكىن بەزى دوستلىرىم سەن يازغىن، يېتەرسىز بولغان تە-


AltunOq

رەپىنى سەنئەت ئەربابى توزوتور " دىشتى . بو تشويقلە ر دىن جاسارەت ئلىپ " قوتلوق توركان " ئاتلىق بو كىچىك ئەسەرىمنى ئزيز مىللتمگە سونومەن . بو ئەسەرنى خەلقىمىز نىڭ ئىڭ زيادە سويگەن ئو پىرە شەكلىدە يازماقنى موناسب كوردوم. ئەسەر يەتتە پەردە ئون ئيككى كورونوش دىن ئبارەت دور.

محمد امين بوغرا

ئورومچى

11/5/1948

---

1 - پەرهاد ـ شيرين ۋە غريپ سەنەم قاتارليق ئسەرلەر، توركى خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەنيوى بايلىغى بولوپ، يازغوچى بويەردە ئوزبەك، ئەزەربەيجان يازغوچىلىرى تەرىپىدىن يازيلغان نوسخىلەرنى نەزەردە توتقان.

## هيكايه دىكى موهىم كىشىلەر:

قوتلوق تىكىن : ھىكايه نىڭ باش قەھرىمانى دور. يولوغ خاقان نىڭ ئوغلى دور. تورك يىگىتى نىڭ قەھرىمانلىقى، ئىغىر چىلىققا چىدامىلىقلىقى، ئەخلاقى ۋە دىلى يومشاقلىقى نى گەۋدىلەندورودو.

يولوغ خاقان : ئويغور خاقانلىرىدىن بولوپ 8 - ئەسىر نىڭ ئاخىرلىرىدا تەختكە ئولتورغان مەشھور بىر خاقاندور.

ئوماى خاتون : يولوغ خاقان نىڭ خاتونى ۋە قوتلوق تىكىن نىڭ ئانىسىدور. بو ئوچ تىپ بورونقى مىللى هوكومدارلىرىمىز نىڭ قىياپتى، سەلتەنەتلىك پەزىلىتىنى ۋە ئەنئەنىلىرىنى كورسوتودو.

بىلگە : قوتلوق تىكىن نىڭ ياۋەرى بولوب بورونقى تورك يىگىتلىرى دىكى ۋاپا ۋە ساداقەت نىڭ نەمونىسى دور.

ئىدىقوت ئەرسلان بەگ ۋە قارلوقلەر: ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەرك قەھرىمانلىرى ۋە شو زاماندا سولھ ۋە بىرلىك پداكارلىرى ئىكەنلىگى نىڭ جانلىق ئولگىسىدور.

بەسمىل لەر: بورونقى تورك لەرنىڭ ئەركىن تورموش يولىدىكى پداكارلىق لىرىگە بىر مىسالدور.

كون خان : كوچا خانىدور. 8- ئەسىر نىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان بويوك بىر مەدەنيەت ۋە قورولوش ئيجا تچىسىدور.

چولپان خاتون : كوچا خانى نىڭ خاتونى ۋە توركان تېرىم نىڭ ئانىسىدۇر.

توركان تېرىم : كون خان نىڭ قىزى ۋە قوتلوق تېكىن نىڭ سوڭگىنىدۇر. تورك قىز لىرىدىكى هايا، ئىپپەت ۋە نوموس نىڭ جانلىق ئۆلگىسىدۇر.

بۇ شانلىق تىپلەر، هايات تەرز لىرى ۋە كىيىم شەكىل لىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى ئالتە شەهەر تورك لىرى نىڭ قانچىلىك يۈكسەك بىر مەدەنىيەت ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى كورسوتىدۇ. كىيىملىرى نىڭ شەكىللىرى ئۇ زاماندىكى ئاتا - بۇۋىلىرىمىز نىڭ بۈگۈنكى يىگى پوسۇن لەرنىڭ بورونقى ئەجدادلىرى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

چېچەكىم: توركان تېرىم نىڭ ئەملدىشى ۋە هەممە ئىشتا يارىدەمچىسى.

---

خاتون : خاقان نىڭ خوتونى، مەلىكە.
تەرىم : افراسىياب (ئالپ ئەر توڭگا) خاقان نىڭ ئەولادىدىن بولغان شەزادە لەرنىڭ خاس ئۇنوانى.
تېكىن : خاقان بالىسى، شەزادە.
چېچەكىم : ئەسلى "چېچەك" دور. كوچادا كىشى نىڭ ئاتىنىڭ ئاخىرىغا "م" هەربى قوشۇش ئادەتى بار، تورسونوم، ئابدۇللەم ۋە ئايشەم گە ئوخشاش.

## هيكايه نىڭ مه نبه ئى

ئەسەر 8- ئەسر دىكى مىللى تورموشىمىزدىن ئلنغان تارىخى بىر كورونوشدور. ئو ۋەقتتا توركستان، خوسوسەن شەرقى توركستان تولوقى بىلەن سياسى ئەركنلىك گە ئگە بولوپ، مەدەنيەت جەھەتتە تاشقى تەسىرلەردىن يىراق ۋە تورموش پوتونلەى مىللى ئىجادنىڭ ئاساسى ئوستندە ئىدى.

بو ئسەردىكى قياپەت، كييم، تورموش شەكيللىرى وە باشقا مەنزىرەلەر زامانىمىزغىچە ساقلىنىب قالغان ئاسار ئەتىقە ۋە ئابىدەلەردىن ئلنغان ھەقىقى نەمونەلەردور، خيال ياكى ئويدورما ئەمەسدور.

بو ئەسەر ئوچون كوك تورك ياكى قاراخانلىق دەورلىرىدىكى بويوك بىرلىك ۋە سياسى ئوستونلوك كورونوشلىرىنى ئاساسى قايناق توتماقنى كوڭلومدە كوپ ئستەيتىم. 8- ئەسردىكى ئايرىلىق ۋە قارشىلىق دەوردىن مەنبە توتوش ماڭا ئانچە خوش كەلمەس ئىدى. لىكن ئستىكى ئو پارلاق چاغلەردىن قالغان ھەقىقى نەمونەلەر قولومغا كەلمەگەنلىگى ئوچون قولومدا نەمونەسى باربولغان 8- ئەسردىن مەنبە توتوش مجبورىيتىدە قالدىم. 8- ئەسر، ئو پارلاق دەورى لەرگەقاراغاندا توۋەن بولسمو ھازىرقى دەورىمىزگە نسبەتەن كوپ پارلاق ئىدى؛ چونكى ئايرىم ھالدا بولسمو دولتىمىز بار ئىدى؛ئارىمىزدا قارىمو قارشىلىق بولسمو بىر ئەركىمىز بارئىدى. ئەمما ھازىرقى ھالمىزنى سوزلەشكە ھاجەت يوق.

# بىرىنچى پەردە

يولوغ خاقاننىڭ خەزىنىسى. تاملىرى قىزىل پىششىق قىشدىن، ئوستى تەرەپىدە تومورسالا سونلوغ بىر تونگلوك. بوروڭقى باتورلەردىن يادىگار قالغان تورلوك قىلىچ، نەيزە ئوقيا، ئاي پالتو، قالقان، توۋ ولغا ۋەقىپتانلەر تاملەرگە ئىسلغان؛ بىرنەچچە قولوپلاغلىق تومورساندوقلەر يەرگە تىزىلغان؛ خەزىنەنىڭ بىر تەرەپىدە چال ساقاللىق غەزنىچى ئولتورماقتا. باشىدا ئوزونچاق ۋە زىننەتلىك بىر قالپاق، ئوستىدە ييپەك تون، بېلىدە كوموش قاقمالىق كەمەر، پاكىزە ۋە سويوملوك بىر كىشى.

## پەردە ئېچىلىدو

قوتلوق تىكىن يىگىتلىرى بىلەن خىزىنىگە كىرىدو. قوتلوق تىكىن، ئوزون بويلوق قاراكوز، مەڭزى قىزىل، بوروتى يېڭى چىققان يىگىرمە ياشلەردە گوزەل بىر يىگىت. باشىدا چىرايلىق بىر قالپاق، قالپاقنىڭ ئوستىدە قوش توكىدىن ياسالغان بىر ئوتوغات ئوچىسىدا كالا ۋوتونلوق ييپەك تون، بېلىدە ئالتون قاقمالىق كەمەر، كەمەرگە ئالتون ساپلىق بىر خەنجەرنى قىستورغان. يىگىتلىرىنىڭ كىيىمى قوتلوق تىكىننىڭكىگە ئوخشاش ئەمما سادىراق، بەللىرىدە قىلىچ.

خزىنچى :

ـ بۇيرۇق سويۇملۇك تكنىم، خزمتكٔرگه هازىر جانوتنىم.

قوتلۇق : ( تامغا ئىسلغان قورالله‌رگه ۋه يه‌رگه تىزىلغان ساندوق له‌رگه قارايدو )

ـ بو قورالله‌ر نىمه ئوچون بويه‌رده قويۇلغان؟ نىمه ئوچون ئىشلىتىلمگه‌ن؟

خزىنچى :

ـ بورونقى باتورلىرىمىزنىڭ به‌ركه‌ت قالدوقلىرى .

قوتلۇق :

ـ بو نىمه ساندوقله‌ر؟

خزىنچى : ( تىترگه‌ن هالدا )

ـ تكنىم بوله‌ر قورال. يادىگار ئه‌مه‌س... سوقوشتا ئىشلىتىلىدو به‌س.

قوتلۇق :

ـ قولوپله‌رىنى ئچىڭ مه‌ن بىر كوره‌ى.

خزىنچى :

ـ خاقاندىن ئىجازه‌ت ئىلىڭ ئاندىن مه‌ن ئچىپ بره‌ى.

قوتلوق : ( يالويريپ )

– ئاغا! ئۆلتپا تىگىنى مەندىن ئايىما ، ئۆزرى بىلەن كوڭلومنى سوندورما. بولەر قورال ئەمەس كوچا خانى نىڭ سوغاتلىرى ، هەم ئۆزى نىڭ ۋە ئائىلەسى نىڭ سورەتلىرى. كوڭلوم بو نەرسىلەرنى كوروشنى قىلىدو هەۋەس، ئولەرنى ماڭا كورسوتوش يامان ئىش ئەمەس.

خزىنچى :

– كىچىرىڭ ئولوغ تېگىنىم كورسەتمەسلىككە هەددىم بولماس، ئەمما خاقان نىڭ يارلىغىنى هېچكىم بوزالماس.

قوتلوق : ( يوزى قىزارغان هالدا )

– ئاچ ئو سوغاتىلەرنى مەن بىر كورەي ، ئو . . . ئو . . .
ئونىي كوزومگە سورەي .

خزىنچى :

– كىچىرىڭ تېگىنىم بولەر سوغات ئەمەس قورال، ئاچتو -
روپ بىتچارە جانىمغا قىلماڭ ۋابال.

قوتلوق : ( ئاچچىغلاپ )

– هەي! يالغان بىلەن مىنى ئالدىما ، خاقان نىڭ يارلىغى بار دەپ كوزومنى بوياما .

خزينيچى :

ـ تكينيم ، ساندوقنى ئاچسام مانگابار قاتتيغ جازا .

قوتلوق :

ـ ئاتام ننڭ مالىنى كوروش ماڭا ئەمەسمو راوا ؟

خزىنچى :

ـ ساندوقنى ئاچسام ماڭا بار ئولوم ، ئادالەتلىك تكنم ئوزوڭىز قلىڭ هوكوم .

قوتلوق :

ـ بو نىمە دىگەنگەپ مەن چوشەنمدىم ، موندا غ بىر توسقونلوققا ئوچرىشىمنى چاغلىمدىم .

خزىنچى :

ـ سورماڭ تكنم ئاچسام باشم كسلور ، سوزلسەم تلىم كسلور .

قوتلوق : ( قلىچنى ئالىدو )

ـ ساندوقنى ئاچمساڭ ئالىمەن باشڭنى ، يوقوتومەن ئوروغ قاياشڭنى .

خزىنچى : ( تزلنپ )

ـ ئستسڭز مانا باشم ، ئالدىڭزدا ئوروغ قاياشىم

قوتلوق :

ــ نىمە ئوچون قورقمايسەن ئولومدىن ؟

خزىنچى :

ــ سەبەبىنى ئاڭلايسىز سوزومدىن .

قوتلوق :

ــ ھە سوزلە

خزىنچى :

ــ خاقاندىن ماڭا كەلدى بويروق: " خزىنىگە بارغوسى ئوغلوم قوتلوق . قورال جابدوقلەرنى كورسەت، كون خان نىڭ سوغاتلىرىنى ساندوقلەرگە سلپ مەھكەم ئەت. ئىچىدىكى نەرسىلەرنى قوتلوق ھىچ كورمىسون ، ئوزىنىڭ ۋە مىنىڭ ئوچون قايغو تاپموسون .كورسەتسەڭ ئالىمەنباشىڭنى، بو سوزنى ئاڭا سوزلەسەڭ كسىمەن تىلىڭنى ."

قوتلوق : ( قلىچىنى يەرگە ئاتىدو )
ــ سوزلىرىڭگە ئشەندىم ، ساڭا جازا بىرىشدىن ياندىم. (يگىتلىرىگە قاراپ)يگىتلەر نىمە قىلماق كرەك؟ يورە گىمنى كويدورمكتە قىزغىن بىرتبلەك. تىلەكىمگە خزىنچى بولدى توسقون، ئەمما ۋاز كەچمەككەمو قىلچەلىك يوق ئورون.

بىلگە :

ــ تكىنىم بو ئشقا تپىلور چارە .

قوتلوق :

ـ قەنى سوزلە منى قىلما ئاوارە.

بىلگە :

ـ وازكىچىك بو خيالدىن، بى هاجەت سىزتا وارلىقىن مالدىن.

قوتلوق :

ـ سەن بىلمەيسەن ساندوقلىكى نەرسەماڭا جاندىن ئزىز.

بىلگە :

ـ نىمە ئىكەن بو مونچە لزىز؟

قوتلوق :

ـ ئاه! كورسەڭ ئىدىڭ بىلور ئىدىڭ، مىنىڭ هالىمغا يتور ئىدىڭ. ئونى كورمسەم ماڭا تىرىكلىك هارام، ئاه! هالىمغا يەتمدى ئاتام. (كوزلىرىگە ياش ئالىدو)

بىلگە :

ـ سە برى قىلىڭ تكىنم.

قوتلوق :

ـ مومكىن ئەمەس يگىتم.

بىلگە : (چوشونودو)

ـ مەن بىر چارە تاپتم، كاواپمو كويمەيدو سخمو هم.

قوتلوق :

ـ چىچەن يگىتم، ئەقلىڭ بىلەن كەتكوسى هەردەرد وئەلەم.



Altun

بىلگە قوتلوقنى چەتكە تارتىپ قولاقىغا پىسلدايدو. ئىككىسى
بىر يولى خىزىنچىگە ھوجوم قىلىپ ئونىڭ قولىنى بىرتوگروك
كە باغلايدو. ۋە ئونىڭ يانجوقىدىكى ئاچقولەرنى ئىلىپ
ساندوقلەرنى ئاچىدو. بىرىنجى ساندوقدا تورلوك قىيمەت
لىك تاشلەر ۋە ئالتون جابدوقلەر، ئىككىنجى ساندوقتا
تورلوك كىتابلەر، ئوچونجى ساندوقدا قىمەتلىك كىيملەر.
قوتلوق بو نەرسەلەرگە كوز سالماستىن باشقا ساندوقلەرنى
ئىچىشقا ئالدىرايدو. تورتىنجى ساندوقنى ئاچىدو. ئىچى
دىن بىر كىچىك ساندوق چىقىدو، ۋە ئونىڭ ئىچىدە يانا بىر
كىچىك ئالتون ساندوق، بو ئالتون ساندوقنى قولىغا ئىلىپ

قوتلوق:

— مانا بونىڭ ئىچىدە مىنىڭ ئىستىگىنىم

بىلگە:

— ئىچىڭ باقاي تىكىنىم

قوتلوق تىكىن قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئاچىدو. بو ھالدا
چالغو چىلىنىپ تورودو. ساندوقنىڭ ئىچىدىن تومارشەكلىدە
تورولگەن بىر ئاق ياغلىق چىقىدو. بو ياغلىقتا ئوچ كىشى
نىڭ رەسمى بەك ئوستالىق بىلەن سىزىلغان.

1 — ئوڭ ياقتا قاراساقال گوزەل بىر ئەركىشى، باشىدا
كالا ۋوتون ۋە جەۋاھىر بىلەن زىنەتلەنگەن بىر شەپكە. ئوستى
گە ئاق قوش توكىدىن بىر جىغا قىستورولغان. ئوچىسىدا
ھازىرقى پەلتولىرىمىزگە ئوخشاش قاپىرمايا قالىقتون، بىلىدە
ئالتون قاقمالىغ كەمەر ۋە ئالتون ساپلىغ خەنجەر، رىسمىنىڭ
ئاستىغا "كون خان" يىزىلغان.

2 ـ ئوترىدا 18 ياشلەردە بىر قىز، باشىدا يىڭنجو بىلەن زىنەتلەنگەن ۋە ئالدى ئارقاسىدا بىر پارماق مىقدارى بوش يەرلىرى بولغان كىچىك بىر شەپكە، ئوچىسىدا يىشىل يىپەك چاپان، چاپاننىڭ ياقاسى ۋە كوكسى ئالماس ۋە يىنجو بىلەن زىنەتلىك، قولاقىدا يىنجولىك مونجاق، ساچلىرى ئوششاق ئورۇلوپ ئارقاسىغا ۋە مورە لىرىگە چوشوپ تورغان، قولىدا بىر چىچەك، ئاستىغا " توركان تىرىم" دەپ يىزىلغان.

3 ـ سول ياقتا قىرق ياشلەردە بىر خاتون، باشىدا يىنجولوك ۋە كالا ۋوتونلوق ئورتا ھال چوڭلوقتا بىر شەپكە ئوچىسىدا قايرما ياقالىغ ۋە زىنەتلىك قىزىل يىپەك چاپان، قولاقلىرىدا ئالماس مونجاق، ئاستىغا چولپان خاتون دەپ يىزىلغان.

قوتلوق : ( توركاننىڭ رەسمىگە قاراپ )

ـ غەزەل ۋە چالغو ـ

ـ ئاتىڭ ئاڭلاپ باشىمغا چوشكەن ئەردى ئىشق سەوداسى
ئىدىم بوقامىتىڭنىڭ بويىوزوڭ نىڭ ئىسكى شەيداسى
كوروپ ئەمدى يوزوڭنى بو يورەككە ئوت توتاشتى ئاھ!
مىنى ئويغور ئىلى ئەمدى دىسونلەر ئىشقىۋە سواسى

ماگا بولدى سىنىڭ ۋەسلىڭ ئاژوندا بىر گىنە مەقسەد
چىقىپ كەتتى باشىمدىن مولكو مالنىڭ بارچە خولياسى
قاچان بولغاي بو قوتلوققا ئونىڭ ۋەسلى مويەسسەر ئاھ!
مەن ئورخوندا ئونىڭ بارمىش كوچا شەھرىدە مەئۋاسى

بىلگە :

— ها ها ها! ئەمدى بىلدىم تىكىن بۇ گۇزەل قىزغا ئاشىق ئىكەن، بۇ رەسمنى خاقاننىڭ يوشۇروشى لايىق ئىكەن . مانا ئەمدى كوردى، ئاشقلىقى بەلگوردى . تىكىن ئەمدى كوچاغا بارىمەن دەر، خاقان توسماق ئىستەر. ئاراندا چىققوسى جاڭجال ، بىزنىڭ باشىمىزغا چوشكوسى كاشال .

قوتلۇق :

— قايغورما، ئاتام ئۇيغۇر ئىلىنىڭ خاقانى ، كونخان كوچا ئىلىنىڭ خانى . بۇ ئىككويلەن بىر بىرى بىلەن ئاشنا. بىر بىرىنىڭ دوستلۇقىغا تەشنا . ئاتام منى كوچاغا بارىشدىن توسماس، كونخانمو منى ئۇمتىسىز قويماس .

بىلگە :

— مەن موندىن قايغورمايمەن ، بونىڭ بىلەن سىزنى قايتورمايمەن. ئەمما خاقان سىزنى كوچاغا بارغىلى قويمايدو، چونكى سىزنىڭ جانىڭىزنى خەتەرگە سالمايدو .

قوتلۇق :

— ئاتام منى نىمە ئۇچۇن توسار، ماڭا يولدا نىمە خەتەر بار؟

بىلگە :

— ئاريدا بار قىرق كونلوك قوملوق ، ئو يەرلەردە ئوت هەم سو يوق . يوللەر بەك ئوزاق ، هەريەردە دوشمەنلەر قورغانمىش توزاق. ئالتاي يولىدا قارلوقلەر سىزنى توتار، بارىكول يولىدا بەسمىللەردىن خەتەر بار، قومول يولى بىلەن

كەتسىكىز قوچۇلۇغلەر سىزنى ئۆلتۈرۈر، تەرىم يولىدا سارت لەر سىزنى كويدۈرۈر.

قوتلۇق: -
- بۇنىڭ چارەسى ئوڭاي، ئاتامغا ئېيتىپ كۆپ چېرىك ئىلىپ باراي.

بۇ هالدا تاشقىرىدىن ئاياغ شەپىسى كېلىدۇ. يولۇغ خاقان بىر نەچچە ۋەزىرى بىلەن خىزىنىگە كىرىدۇ. قياپەت لىرى ئىككىنجى پەردەدىكىدەك.

چىرايىدا غەزەپ ئالامىتى بار. كىرگەنچە خىزىنىچىگەقارايدۇ. ئۇنىڭ باغلانغان هالىنى كۆرۈپ گۇناھسىزلىقىنى بىلىدۇ. دەرهال غەزەبىنى توختۇتۇپ ۋە هېچ نەرسىنى سەزمىگەن بولۇپ قوتلۇقغا قارايدۇ.

خاقان:
- سۆيۈملۈك ئوغلۇم بىر نەرسە يارىتتىڭمۇ؟ خاتىرە ئۈچۈن بىر نەرسە ئالدىڭمۇ؟

قوتلۇق: (تازىم قىلىپ)
- خاتىرە ئۈچۈن ئالدىم بىر ياغلىق، ئۇمۇ ئۇلۇغ ئىجازىتىڭگە باغلىق.

خاقان:
- هەممىسى سىنىڭدۇر، قەنى مەن بىر كۆرەي.

قوتلوق : چارە سىز ياغلىقنى خاقانغا سونودو.

خاقان : (ياغلىقنى قولىغا ئىلىپ)

واھ واھ! نازوك تەبىئەتلىك ئوغلوم بەك ياخشى بىر خاتىرەنى ئىلىپسەن، ئاتاڭنىڭ ئەڭ يقىن دوستىنىڭ يادىكارىنى تاللاپسەن. بونى ماڭا كونخان ئىبەرگەن، ئەبەدى دوستلوق خاتىرەسى قىلىپ ساقلىشىمنى ئوتەنگەن. سويوملوك ئوغلوم سەن باشقا نەرسە ئالماي بونى مەنسا قلاي، سەن بونى يوتوروپ قويوپ مەن دوستومنىڭ ئالدىدا ئويياتتا قالماي.

خاقان (ياغلىقنى ئىلىپ چىقىپ كىتىدو.)

قوتلوق :

ئاھ! مىنى ئالدىدى. دەرد يمگە باقىدى.

قوتلوق : -ناخشا ۋە چالغو-

– ئاھ! قالدىم دەرد ئارا ھەم دەرد يوق
ئاھ! ياردىن بىر نشان ئىلگىمدە يوق
مەن ئاتامدىن كوپ ئومىد ئىلەر ئىدىم
ئەمدى بىلدىم ئاندا ھەم ئومىد يوق

يول يامان ھەم يارنىڭ يورتى ئوزاق
يول ئارا قورمىش ياۋوز دوشمەن توزاق
دوشمىنىمدىن ھىچ قاچان قورقماس ئىدىم
توتمسا خاقان منى كوزدىن ييراق


AltunOq

ئشق منى كويدوردى تاقەت قالمدى
تەندە ئارام جاندا راھەت قالمدى
ھيچ كشى يەتمەس بو قوتلوق ھالغا
مهربان خاقانمو بر كوز سالمدى

## پەردە يپيلدو

---

توولغا : ئسكەرلەرنڭ سوقوشتا كييديغان تيمور شەپكە

جيغا : ئوزونغينه تاجى .

ينجو ، ئونجوى ، يونجوى : مەرواريت.

ئاژون وە يا ئاجون : دونيا ، ئالەم.

ئورخون : شمال موغولستاندا بيوك بر ئرماق . ئويغور خاقانلغى نڭ مەركزى بولغان قارابالغاسون شەهرى بو سونڭ بييدا ئيدى .

تەريم : هازرقى لوپكولى نڭ چوگريسدەكى قەديمقى ئولكه نڭ ئاتى بو ئولكەدە ئوستون مەدەنيتكه ئگه بولغان كوپ ساندا شەهيرلەر بار ئدى .

سارت : تەريم ئولكەسىنڭ خەلقنڭ ئاتى . چين تاريخلرىدە "شاتو" دەپ كيچيدو .

مەواسى (ماۋاسى) : يورتى

# ئىككىنجى پەردە

يولوغ خاقاننىڭ سارايى ، توردە ئۈچ دانە زىنەتلىك ئورونلوق. ئورونلوقلەرنىڭ ئالدىدا بىر دانەدىن چاي شىرەسى ؛ شىرەلەرنىڭ ئوستىدە قىمىز وە يىمىشلەر. ئوتتۇرىدىكى ئورونلوقتا خاقان ئولتورغان. خاقان ، ئەللىك ياشلەردە ، سىمىز ، گەودىلىك بىر كيشى ؛ ساقالى قىسقا ۋە قويوق . خاقاننىڭ باشىدا ئوزونچاق ۋە يىنجو كالا ۋە ئالتون بىلەن زىنەتلەنگەن ۋە قوش توكىدىن جىغا قىستورولغان بىر كولاھ ؛ ئوچىسىدا قاما ياقالىق تون ؛ بىلىدە ئالتون قاقمالىق كەمەر.

ئوڭ ياقتىكى ئورونلوقتا ئوماي خاتون ، قىرىق بەش ياشلەردە ، باشىدا ئالتون قاداغ ئوزونچاق بوك ، ئوستىدە ئوتوغات ؛ ئوچىسىدا ئىگىز ياقالىق ۋە ئالتون توگمىلىك تاوار چاپان ؛ قوللىرىدا قىمەتلىك يوزوكلەر ، قولاقلىرىدا يىنجو مونجاق.

سولياقتىكى ئورونلوقتا قوتلوق تىكىن ؛ قياپىتى بىرىنجى پەردەدىكىدەك ، ئەمما چيرايى سارغايغان ، كوزلىرى قيزارغان ئويا تجان هالدا .

بىر ئاز توۋەندە ئىككى ياقتا تورت ۋەزير تورت ئورونلوقتا ئولتوروغلوق . ئىككىسى ئاتمش ياشلەردە ۋە ئىككىسى ئورتا ياشلىق گەودىلىك ۋە ھەيبەتلىك كشىلەر ؛ ئوستىباشلىرى خاقاننىڭكىدەك ، ئەمما بىر ئاز پەرقلىق .

ۋېزىرلەردىن توۋەندە ئىككى ياقتا توققوز ياۋەر، قياپەتلىرى قوتلۇق نىڭ يىگىتلىرىگە ئوخشاش. قوللىرىدا بىردىن توققوز دانە بايراق، بايراقلەر نىڭ رەڭگى كوك، ھەر بايراقدا بوز بورە نىڭ رەسمى بار ۋە ئوستلىرىدە قىزىل توغ قىستو-رولغان.

## پەردە ئىچىدە

خاقان : ( قوتلۇق نىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ )
— سويۇملۇك ئوغلوم ساڭا نىمە بولدى؟ باشىڭغا نىمە دەرت كەلدى؟ گوزەل چىرايىڭ سولمىش، كوزلىرىڭ قان بىلەن تولمىش دەردىڭنى سوزلە مەن داۋا قىلاي، ھەر ھا-جىتىڭ بولسا راۋا قىلاي.

قوتلۇق : ( باشىنى توۋەن سىلىپ )
— ئولوغ خاقانىم ئىلتىپات سىزدىن قوللوق بىزدىن.

خاقان :
— ئويغور ئىلىدە تولا باخشىلەر ۋە ئوتاچىلەر بار، دەردىڭگە ئولەر دەرمان تاپار. ئەمما بورون ئاغرىقنى ئېيتىش كىرەك ئاندىن داۋا قىلىش كىرەك.

قوتلۇق :
— ئولوغ ئاتام مىنىڭ باخشىم ئوتاچىم ئوزىڭىز، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسا داۋا قىلىڭىز.
( قىزىرىپ باشىنى توۋەن سىلىب تورودو )

خاقان :
ـ جان بالام بەك ياخشى ، ئوزوم بولاىساڭاباخشى. ئەوۋەل دەردىڭنى ماڭا سوزلە ، سوڭرە مەندىنچارە ئىزلە.

قوتلوق : (باشىنى توۋەن سىلىپ)
ـ دەردىمنى ئوزىڭىز بىلىپسىز ، ئىستىسڭىز چارەقىلىسىز .

خاقان :
ـ مەن سەندىن بار يوقومنى ئايارمەنمو، دەردىڭنى بىلسەم چارە قىلماي قويارمەنمو؟ سەن يورەگيمنيڭ جانتومورى ، ئاتا ـ بوۋىلىرىميزنىڭ بىر غىنە ئورونباسارى .

قوتلوق :
ـ دەردىمنى بوروندىن بىلدىڭىز ، ئەمما داۋايىمنى قولومدىن ئوزىڭىز ئالدىڭىز .

خاقان : (قاقاقلاپ كولودو)
ـ دەردىڭ ھەم داۋاىڭ ئىكەن چاغلىق ، ئال مانا ساڭا داوا بولغان ياغلىق .

قوتلوق : (ئورنىدىن قوپوپ تازىم قىلىپ ياغلىقنى ئالىدو)
ـ ئولوغ خاقانىم سىزدىن تىلەيمەن بىر تىلەك .

خاقان : (قايغولوق چىراى بىلەن)
ـ يانا نىمە ئىستەيسەنموندىن بولەك؟

قوتلوق : ـ تىلىكىم كوچاغا بىرىش.

خاقان : ـ مومكىن ئەمەس بو سەپەرگە چىقىش.

قوتلۇق : ـ ئامراق ئاتام! بىر غىنە تىلىكىم بور.

خاقان : ـ قايغورما ئوغلۇم ئولتۇر.
(قوتلۇق نىڭ چىرايى ئېچىلىپ ئولتۇرادۇر.)

خاقان :
ـ سويۇملۇك ئوغلۇم مەن ساڭا ئىشنى ئاڭلىتاي، كوڭلۇڭنى توختىتاي. سەن ئۆگى يىلدىن بىرى توركانغا ئاشىق بولدۇڭ، ئويۇن كولكە راھەتلىرىڭنى قويدۇڭ. ھالىڭنى ماڭا سوزلەشتىن ئويالتىڭ، دەرد بىلەن كىچىنى كوندوز گە قاتدىڭ. مەن ۋە ئاناڭ ھالىڭنى بىلدۇك، دەردىڭ گە چارە كوردۇك. كونخانغا ئەلچى ئوۋەتىپ توركاننى تىلىدۇك. كون خان ئوندى، سىنى كيوئوغول تونودى. بىراق ئو سىنىڭ كوچاغا بارىشىڭنى ئىستەر، ئەمما يولدا سىنىڭ جانىڭغا بار خەتەر.

قوتلۇق : (ئورنىدىن قوپوپ تازىم قىلىپ)
ـ ئولوغ ئاتام سىز بويوك بىر خاقان، ھەر بىر چىرىككىز بىر قەھرىمان. پوتون تورك ئايماقلىرى سىزنىڭ ئىلىگىز، پوتون تورك يىرى سىزنىڭ يىرىگىز. ماڭا قايسى دۇشمەندىن بار خەتەر، نىمەدىن ماڭا زىيان يىتەر؟

خاقان :
ـ ئوغلۇم سىنىڭ خەبەرىڭ يوق، دولىتىمىزگە يىغى بولدى سارت، بەسمىل، قارلوق. بولەرنى ئەل قىلىنىش

ئوچون سوقۇش بولماقتا ، چىرىكلىرىمىز ئالغا باسماقتا.
بۇ ئىش بىتكوچە قىل تاقەت، پاتىقىندا ساكا بىرورمەن روخسەت.

قوتلوق :

— ئولوغ خاقانىم! بويىروق سىزدىن ، قوللوق بىزدىن.
سوقوش چاغىدا مەندەك يىگىتكە راھەت ئويات، روخسەت
بىرىڭ دوشمەنىڭىز بىلەن قىلاي غازات . مەن بولسام
قەھرىمان ئوغلى قەھرىمان، سىزنىڭ دوشمىنىڭىزگە بەرمەس
مەن ئامان .

خاقان (ئورنىدىن قوپوپ قوتلوقنىڭ پىشانىسىگە سويىدو.)
— ئاپىرىن ئوغلوم قەھرىمان بابالىرىڭنىڭ روھلىرى
سەندىن رازى بولسون ، يورت ۋە ئولوسىنى ئالقىشلىسون.

خاقان ۋەزىرلىرىگە تەييار چىرىكنى دەرھال ھازىر
لاشقا ۋە قوتلوقنى ئو چىرىكلەرگە باش قىلىپ يولغا سىلىشقا
بويىروق بىرىدو. وزىرلەر تازىم قىلىپ چىقىپ كىتىدو.
ئوماي خاتون قوتلوقنىڭ قولىنى توتوپ يىغلايدو.

ئوماي خاتون : -ناخشا ۋە چالغو-

ئوتقا سالدىڭ بو قايغولوق باشىمنى
كىچە كوندوز ئىقتورسەن ياشىمنى
زەھەر زەققوم قىلدىڭ يىگەن ئاشىمنى
بارغىل بالام تەڭرىمگە تاپشوردومسىنى

ئولوغ ئىشدىن سىنى توسماق قوبلوم يوق
ئەمدى مىنىڭ سەندىن باشقا قايغوم يوق
سەنسىز ئەمدى مىنىڭ راھەت ئويقوم يوق
بارغىل بالام تەڭرىمگە تاپشوردوم سىنى

كول تكىن نىڭ روھى ساڭا يار بولسون
بىلگە خاقان ساڭا مەدەدكار بولسون
ئويغور ئىلى ئەبەد غىنچە بار بولسون
بارغىل بالام تەڭرىمگە تاپشوردوم سىنى

دوشمىنىڭنى قىلغىل ئوغلوم خار زار
بوزوق لەرنى يىڭىپ ئەيلە تار مار
ئىلىڭ ئوچون ئەيلە بويوك كار زار
بارغىل بالام تەڭرىمگە تاپشوردوم سىنى

ۋ بزىرلەر قايتىپ كىرىپ چىرىكلەرنىڭ تەييارلىنىپ كەلگەن لىكنى خاقانغا مەلوم قىلىدو.

خاقان:

— چىرىكلەر بو يەرگە كىرسون مەن بويروق قىلىمەن!
قوتلوق تكىن نىڭ يىگىتلىرى ۋە ئەسكەرلەر ئارقادىن كىرىپ سەپ توزوپ تورودو.

-مارش ۋە چالغو-

تورك ئىلى نىڭ ئەرلىرى بىز
توركستان دور يەرلىرىمىز
ئولوس يورت نىڭ يولىدا
ئاقسون قان ۋە تەرلىرىمىز
مەڭگو بولسون تورك ئىلى
يوز مىڭ ياشا ئەى خاقان

ئولوس بىز نىڭ جانىمىز
يورت سويمەك ئىمانىمىز
ئولوغ توركلىك يولىدا
پىدا بولسون قانىمىز
مەڭگو بولسون تورك ئىلى
يوز مىڭ ياشا ئەى خاقان

بىز يىگىتلەر قەھرىمان
ھەر بىرىمىز بىر ئەرسلان
تورك ئىلى نىڭ ئىقبالىغا
قوربان دور مىڭلەرچە جان
مەڭگو بولسون تورك ئىلى
يوز مىڭ ياشا ئەى خاقان

يولوغ خاقان ئورنىدىن قوپوپ تورت دانە بايراقنى قوتلوققا بىرىپ ماڭلايىغا سويوپ ئوزوتود و. قوتلوق تكىن ئەسكەرلەر نىڭ ئالدىغا ئوتوپ خاقانغا سالام بىرىپ ئەسكەرى لىرى بىلان چقىپكىتىد و.

ئوماي خاتون:

- ئاھ،جان جىگىرىم، بىر غىنە ئوغلۇم، سىنى تەگرىمگە تاپشۇردۇم، ئوزىگە تاپشۇردۇم، ئوزىگە تاپشۇردۇم.

خاقان:

- ئەي ئىزىز يولدىشىم، ئومۇرلىك موڭداشىم! ئوغلىمىز ئوچۇن قايغۇرما، يىغلاپ كوڭلۇڭنى سوندۇرما. سوقۇش كورمىگەن يىگىت ئەر بولالماس، مەيدان كورمىگەن تورك قەھرىمان سانالماس.

ۋىزىرلەر ھەر بىرى بىر جۈملەدىن:

- «بورونددىن تارتىپ خاقانلىرىمىز مەيدان قەھرىمانلىرى ئىدى. خاقان ۋە ئاتا بابالىرى تورك ئولوسىنىڭ ئەرسلانلىرى ئىدى. قوتلوق تكىن گە كىرەكدۇر بو مىراسلىق تەربىيەت، چونكى قەھرىمانلىقتا باغلىقدور بو موقەددەس تاج و تەخت.

## يىپلىدو پەردە

---

ئورونلوق : قەدىم ئورونددوق.

قەدىم توركلەر، "توققوز" ساننى موبارەك سان دەپ بىلورلەردى. ھەر بىر دىنى وە رەسمى ئىشلەردە وە نەرسەلەردە توققوز توزوت گوزەتلىردى.

بەخشى : قەدىم ئويغور (تورك) تىلىدا جەرراھ دوقتور.

ئوتاچى : قەدىم ئويغور (تورك) تىلىدا تىۋىپ (طبيب).

قوبىل (قوبلوم يوق .....) : قودرەت، تاقەت.

# ئۈچۈنچى پەردە

## كۆرۈنۈش

### 1

ئالتايدا قارا ئىرتىش دەرياسىنىڭ بويى. شىمال ياقىسىدا قارلۇق چىرىكلىرى، قىياپەتلىرى بوگۇنكى قازاق قىياپىتى. جەنۇب ياقىسىدا قوتلۇق تېكىن ۋە ئەسكەرلىرى. دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىن ئوقيا سوقۇشى بولماقتا.

## پەردە ئېچىلىدۇ

ئېتىشماق سوقۇشى ئۇزۇن ۋەقت داۋام قىلىدۇ. ئاندىن كېين ئۇيغۇر چىرىكلىرىنىڭ بىر پارچىسى ھوجۇمغا ئۆتۈپ دەرياغا ئات سالىدۇ. قارلۇقلەرنىڭ ئوق ياغدۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر چىرىكى چېكىنىدۇ. قارلۇقلەر ھوجۇم قىلىدۇ ۋە يېڭىلىپ چېكىنىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپلىمە ھوجۇملەردىن بىر نەچچىسى نەتىجىسىز قالغاندىن كېين قارلۇقلەرنىڭ مەشھۇر باتۇرى ئەرسلان بەگ ئات سېلىپ دەريادىن ئۆتۇدۇ. ۋە سول ياقتىكى مەيدانغا كېلىپ نەئرەتارتىدۇ.

- ھاي! ھاي! بىلسەڭ بىل بىلمسەڭمو بىل، مەندۇرمەن ئالتاي تاغلىرىنى ياڭراتقان، تەڭرى تاغلىرىنى تىترەتكەن قەھرىمان ئۇغلى قەھرىمان، ئالىپ ئۇغلى ئەرسلان. قەنى باتۇر بولساڭ مەيدانغا كەل، ئۇيغۇرلەرگە ئېلىپ كەلدىم ئەجەل.

(ئاتىنى ئوينىتىپ تۇرىدۇ)


Altun

بو تەرەپتىن قوتلوق تكىن ئات قويوپ قلىچىنى ئوينوتوپ مەيدانغا كىلىدو ۋە نەئرە تارتىدو:

-ھاي! ھاي! تونوساڭ تونو، تونومساڭمو تونو، مەندۇر مەن باتورلەرنى تىز چوكتورگەن، ئالپاغوتلەرنى باش ئەگدۇرگەن يولوغ ئوغلى قوتلوق، خاقاندىن كەلتوردۇم بۇيروق. ئاتدىن چوش، تىز چوك، بولمسا ئوزوڭنى بىل ئولوك.
(ئەرسلان بەگ نىڭ ئالدىدا ئات ئوينوتوپ تورودو)

(ئەرسلان بەگ قوتلوققا دىققەت بىلەن قارايدو)
- ئەي ياش ئوغول! مەن بىر ئاتاغلىق قەھرىمان، سەن ماڭا تەڭ كىلەلمەيسەن. ياش جانىڭنى مەندىن قوتقوزالماي سەن ئويغورلەرنىڭ ئاتاغلىق قەھرىمانلىرى قەنى؟ نىمشقا ئىبەردىلەر ماڭا سەندەك بىر ياش بالىنى؟

قوتلوق:
- مەن يولوغ خاقان نىڭ قوتلوق ئاتلىغ ئوغلانى، مەندە بار بابالىرىم نىڭ باتورلوق قانى. مەن بىر باتور سەن بىر باتور، قورقما.

ئەرسلان بەگ:
سىز قوتلوق تكىنمو؟

قوتلوق:
مەن قوتلوق تكىن نىڭ ئوزى، مىنىڭ سوزوم خاقان نىڭ سوزى.

ئەرسلان بەگ : ( ئاتدىن چوشوپ توققوز تازىم قىلىدو)

— تكىنىم بىز قارلوق ئايماقلىرى يولوغ خاقاننىڭ ئىلى ئىدوك، دوشمەنگە قارشى ئونىڭ ئوڭ قولى ئىدوك. كېينلەردە خاقان بىزنىڭ قەدرىمىزنى بىلمىدى، دوستنى دوشمەندىن ئايرىمىدى، بو ئىشدىن قارلوقلەر ئوپكەلەندى، خاقانغا قارشى قوراللاندى.

قوتلوق : ( تاوازو كورسوتوپ)

— ئەي كاتتا قەھرىمان! سىزنى ۋە ئىلىڭىزنى سويودو خاقان. ئاتامنىڭ قارلوق ئىلىنى يامان كورگىنى يوق، بىراق ئاراغا كىردى بىر بوزوق. سىزلەر ئونىڭ ئالدامىغا كىرديڭىز، خاقاندىن بەدگومان بولديڭىز. ئو بوزوقنىڭ ئىستىگى تورك ئەللىرىنى تاراتماق، بو يول بىلەن ئويغور خاقانلىغىنى يىقىتماق. ئويغور قارلوق ۋە باشقا ئايماقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئولوس، ئوز ئارا قارشىلىق ھەممىمىزگە نوموس. قان ۋە تىلدا ھەممىمىز بورادەر، خاقاننىڭ ئالدىدا ھەممىمىز بارابەر. سىز ئىدىقوتنىڭ ئالدىغا بارىڭ، مىنىڭ سوزومنى ئاڭلىتىڭ. مانا خاقاننىڭ ئىدىقوتقا يازغان يارلىغى، ئوقوسا بىلىندو خاقاننىڭ سويگو سىنىڭ بارلىغى.

(ساغداقىدىن بىر قەغەز چىقىرىپ ئەرسلان بەگكە سونودو.)

**پەردە يېپىلىدو**

# كورونوش
## 2

ئىرتش دەرياسىنىڭ جەنۇبى ياقاسىدا قوتلۇق تكىن نىڭ چادىرى . تورىدە قوتلۇق تكىن . ئوڭ يىندا ئىدىقوت، قازاق خانلىرىنىڭ قياپتىدە، باشىدا قوش توكى جىغا-لىغ قولاقچا، بىلىدە ئالتون قاقمالىغ كەمەر. ئونىڭ يىندا ئەرسلان بەگ ۋە قارلوق بەگلىرى، قوتلوق تكىن نىڭ سول يىندا بىلگە، ئونىڭ يىندا بابور، قىرق ياشىدا بىر ئويغور قوماندانى، ۋە باشقا ئويغور زابىتلىرى .

## پەردە ئىچىلدو

قوتلوق : ( ئىدىقوتقا قاراپ )

— ئويغور خاقانلىقىنى ئويغور ۋە قارلوق بىرلىشىپ قورغان. دولەت بو ئىككى ئايماقنىڭ بىرلىكى بىلەن ئالغا-باسقان ، كىينكى كونلەردە دوشمەن نىڭ پىتنەسى ئاراغا سالدى بىر ئىغوا ، قوزغالدى تورك ئىلىنى يوقوتون نىغان قانلىق غەوغا . بەختىمزگە يارشا يانا پوتوشتوك ، يانا بورونقىدەك بىر لەشتوك . ئەمدى تورك ئەللىرى بەختلىك ياشار، بارچەگە سائادەت قوياشى مەڭگولوك توغار .

ئىدىقوت :

— تكىنم ! تورك ئىلىنى ياشاتمش بىرلىك ، بىرلىك سىز ساقلانماس ئەركىنلىك . تورك دوشمنى نىڭ قورالى دورنپاق ، دوشمەنگە قارشى بىز نىڭ قورالىمىز ئىتتپاق . بىز خاقان نىڭ تەختنى جانىمىز بىلەن ھىمايە

قىلىمىز، بۇرۇنقاندا غ بولساق كىينمو شۇنداغ بولۇمىز.

(بىر سەپ ئۇيغۇر ۋە بىر سەپ قارلۇق ئەسكەرى چادىرنىڭ ئالدىغا كىلىپ تىنجلىق مارشىنى ئوقۇيدۇ.)

- مارش ۋە چالغۇ -

مىللەت كوردى تىنجلىق ئۇيغۇر قارلۇق ئەپلىشىپ
مەڭگۈ ئەركىن ياشايدۇ تۈرك ئەللىرى بىرلىشىپ
تەڭ تىكىزدۇر ئايماقلەر ئىشلىگۈسى توپلىشىپ
يوق ئايرىلىق ئارادا راھەت كورۇر ئولاشىپ
ياشا ياشا مىڭ ياشا !
يولۇغ خاقان كوپ ياشا

تۈرك ئەللىرى ئەمدىغو تىنجلىققا ئولاشتى
قانلىق سوقوش يوقالدى ئۇيغۇر قارلۇق ياراشتى
قوتلۇق تىكىن ئەمگىنىپ بىزگە قوتلۇق يول ئاچتى
باشىمىزغا مەڭگۈلۈك كون يوروغىنى چاچتى
ياشا ياشا مىڭ ياشا !
قوتلۇق تىكىن كوپ ياشا

يول باشچىمىز ئىدىقوت ئورناشتوردى تىنجلىق
تۈرك ئىلىگە ئەبىدى ئونوتولماس ياخشىلىق
ئەمدى بارچە بىرلەشتوك يوقدۇر بىزدە قارشىلىق
بىرلىك ئىچرە ياشايمىز بىتسون بىتسون ئايرىلىق
ياشا ياشا ئىدىقوت !
ئەرسلان بەگ كوپ ياشا

بۇ مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن كونا تۈرك ئادىتى بويىچە زىياپەت باشلىنىدۇ. قۇتلۇق تېكىنگە قويرۇق، ئىدىقۇتقا قول، ئەرسلان بەگ ۋە بىلگەگە تۆش، زابىتلەرگە يان ئوترا يىلىك، بويۇن ۋە قوۋۇرغا گۆشلەر تەقدىم قىلىنىدۇ. زىياپەتتىن كېيىن سەھنە قۇرۇلىدۇ. ناخشىسىز مەرغۇلە چېلىنىپ تۆرت قىز ئاياغ ئويۇنى ئوينايدۇ. ئاندىن كېيىن چالغۇ ۋە ناخشىغا تۆرت قىز ۋە تۆرت ئوغۇل ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

قىشلار كەتتى ئەرتىياز كەلدى ئالتاي تاغىدا
تۈرلۈك گۈللەر ئېچىلدى ئالتۇن ئورمان باغىدا
ئوينار يىلبەر چېچەكلەر بۇلبۇللارغا ناز قىلىپ
بۇلبۇل كۈيلەر ئىشقىنى تۈرۈپ سەھەر چاغىدا

ئېرتىش تەرىم ئوخۇنلار تۈرك يېرىدە ئاقارلار
يىگىت قىزلار قايرىلىپ بىر بىرىگە باقارلار
تاغ باغرىدا سۈزۈك سۇ غەزەل ئوقۇر شاقىراپ
قوزى ئوغلاق سەكرىشىپ چىمەنلەردە ئوينارلار

ئورخۇن بويىدا بۇلبۇل سايرار تەرىمنى ئەسلەپ
تەرىم گۈلى ئاچىلۇر ئورخۇن يىدىنى ئەسكەپ
بۇلبۇل گۈلگە قاۋۇشسۇن گۈل بۇلبۇلنى ئاۋۇتسۇن
بۇلبۇل غەزەل كۈيلىسە گۈل ئوينىسۇن ناز ئەيلەپ

بۇ مۇراسىم ۋە ئويۇنلار تۈگىگەندىن كېيىن قۇتلۇق تېكىن ئۆز ئەسكەرلىرى ۋە بىر پارچە قارلۇق ئەسكەرلىرىنى ھازىرلاپ بەسمىللەرنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، «يور» دەپ بۇيرۇق بېرىلىدۇ.

ئەسكەرلەر ئىككىنچى پەردىدىكى مارشنى ئوقۇپ يولغا چىقىدۇ ۋە قۇتلۇق تېكىن ئىدىقۇت ۋە ئەرسلان بەگلەر بىلەن قول قول تۇتۇشۇپ خوشلىشىپ ئاتلىنىدۇ.

## پەردە يېپىلىدۇ

---

قارلۇق: قەدىمچاغدا ئالتاي دا ياشىغان بىر تۈرك ئايمىقى.

ئاپاغۇت: جەڭگاۋەر، باتۇر، پەھلىۋان.

خاقانغا ۋە خانغا توققۇز تازىم قىلىش ئادەت ئىدى.

ساغداق: ئوق قاپى.

ئىدىقۇت: قەدىم تۈرك دۆلەتلىرىدە خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن بولغان خانلەرنىڭ ئۇنۋانى ئىدى.

تارىم: ھازىرقى لوپكۆلىنىڭ چۆگرىسىدىكى قەدىمقى ئۆلكىنىڭ ئاتى بۇ ئۆلكىدە ئۈستۈن مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان كۆپ ساندا شەھىرلەر بار ئىدى.

# تورتونجى پەردە

## كورونوش

## 1

يىڭى بىلىق شەھىرى نىڭ يىنىدىكى چىغلىق مەيدان، چىغلىق نىڭ ئوتراسىدا چوڭ ھاروا يولى، يولدا بىر بولوك بەسمىل ئەسكەرى مودافىئە ھالىتىدە تورماقتا، قىياپەتلىرى بوگونكى قىرغىز قىياپىتى.

### پەردە ئېچىلىدو

شەھەردىن كوپ بەسمىل ئەسكەرى مەيدانغا كىلىپ يېيىلىپ چىغلەر نىڭ ئارالىرىغا تارقىلىپ بوختورما قورودو، مىدىرلىماي يېتىشىدو. كون چىقىش تەرەپتىن قوتلوق تىكىن ئەسكەرلىرى بىلەن كىلىدو، ۋە يول ئوستىدىكى بەسمىل ئەسكەرلىرى بىلەن سوقوش باشلايدو. بىر ئاز سوقوشدىن كىين بەسمىللەر يېڭىلىپ قاچىدو. قوتلوق تىكىن ئولەرنى قوغلاپ ئات سالىدو. ئوشتومتوت بوختورمادىكى بەسمىل ئەسكەرلىرى قوتلوق تىكىن ۋە ئەسكەرلىرىنى ئوققا توتودو. ۋە تورت تەرەپتىن قورشاپ ئالىدو. قوتلوق تىكىن ۋە بىلگە يارادار بولوپ يىقىلىپ قالىدو. ئولگەنلەرنىڭ قورال ۋە سايمانلىرىنى توپلاش ئوچون

كەلگەن بەسمىل ئەسكەرلىرى قوتلوق تكىن ۋە بىلگەنى توتقون قىلىپ قوللىرىنى باغلاپ شەھەرگە ئېلىپ ماڭىدو. قوتلوق تكىن بو قوشاقنى ئوقويدو.

## - قوشاق ۋە چالغو -

توتقون بولدوم نەيلەيىن دوشمەن قولىدا
يىگىتلەرىم قىرىلدى كوزوم ئالدىدا
مەخسىدىمگە يېتەلمەي ئولدوم مەن ئەمدى
كومولورمەن ھەسرەتتە يەرنىڭ قوينىدا

خاقان ئاتام ئىشتىكىل موڭلوق دادىمنى
خاتون ئانام ئاڭلاغىل بو پەريادىمنى
ئويغور قارلوق ئەللەرى سىزدىن تىلەگىم
زايا قىلماڭ توكولگەن ئىرىغ قانىمنى

ئايرىلدوقمو مەڭگولوك گوزەل توركانىم
جانىم بىلەن كوڭلومدە چىندىن سويگەنىم
قىيامەتكە قالدىمو سىنىڭ ۋىسالىڭ
ۋەپا ئومىد ئەيلەيدور سەندىن بوجانىم

توركانىمگە يەتكوزوڭ قوشلەر ئەرزىمنى
بايان ئەيلەڭ ئىشقىدا چەككەن دەردىمنى
منى بىلسون قىيامەتلىك ئاشىقى
ئونوتمىسون جان بىرىپ تارتقان ئاھىمنى.

بىر بەسمىل زابىتى قوتلۇق تىكىننى ۋە بىلگەنى سورا ققا ئا رتىد و.

زابىت :
- سىز كىمنىڭ ئەسكە رى ؟

قوتلۇق :
- قوتلۇق تىكىن نىڭ ئەر لەرى

زابىت :
- قوتلۇق تىكىن قا يىرد ە ؟

قوتلۇق : ( تونۇلمىغا نلىقىنى بىلىپ )
- مورىد ىكى سا را يىدا

زابىت :
- يىنىدا ئەسكەرى قا نچە ؟

قوتلۇق :
- با ر ئىككى تومەنچە

زابىت :
- بو يەرگە قاچا ن كىلىد و ؟

قوتلۇق :
- بونى تىكىن ئۆزى بىلىد و.

**پەر د ە يىپىلىدو**

# كورونوش

قاماق ئوبى . قوتلوق تكىن ۋە بىلگە قوللىرىدا زەنجىر ۋە پوتلىرىدا كىشەن . ئىشىك ئالدىدا ئىككى بەسىمىل ئەسكەرى گوزەت قىلماقدا . بىر ئاز ئوزاقتا بىر ئىدارەدە بىر بەسىمىل ئەمەلدارى ئىش بىجىرىپ ئولتورماقدا .

## پەردە ئچىلدو

قوتلوق :

ـ ئەى ئىزىز يولدىشىم ، قايغولەردە موڭدىشىم . ئىككىمىزنىڭ باشىمىزغا كەلدى بو بالا ، شوم پەلەك بىزگە بو موسىبەتنى كوردى رەوا . قوتولىشىدىن ئومىد ئوزدوم ، كوزومگە كورونمەكتە ئولوم . ئاتام بونى ئاڭلىسا قانداغ قىلار ، ئانام بو موسىبەتگە قانداغ چىدا . توركان ئىشتسە تىرمىلار گول يوزىنى ، بەلكىم ئولتورور ئوزىنى .

بىلگە :

ـ ئومىتسىزبولماڭ ، ئولومدىن قايغورماڭ . يگىتلەرگە بەختسىزلىك كەلسە توتقون بولودو ، بەختى كەلسە يانا قوتولودو . ئوتقا چوشمەك ئالتونغا ئەيىپ ئەمەس ، باتورلەر قازاغا ئوچراسا ئومىد ئوزمەس .

قوتلوق :

ـ ھەقىقەتغو شونداغ ، تەڭرى نىمىنى خالىسا بولور ئانداغ ئاڭلاشىمچە بەسىمىللەر ئىمشلەر بەك قوپال ،


AltunOq

ھەر كىشىگە قىلور ئىمش وابال . قىلماس ئىمش ھىچ كىشى گە شەپقەت ، يوق ئىمش بولەردە ئىنسانىيەت .

بىلگە :

– مەن ئانداغ گومان قىلمايمەن ، سىز ئىشتكەن سوزلەرنى توھمەت دەپ ئويلايمەن . تورك ئىلدە يوق ۋە ھشىلىك تورك لەر دوشمەن گە قىلور ياخشىلىق . بولەر سىز نىڭ قوتلوق ئىكەنلىككىزنى تويسا ، خاقان ئوغلىلىقىڭىزنى بىلسە سىزگە قىلور ھورمەت ، ھىچ بولمسا يەتكوزمەسلەر كولپەت .

قوتلوق : -ناخشا ۋە چالغو-

ئىچىلمىغان ئون دا بىر گولوم
سايرا مىغان شاھدا بولبولوم
كورمىدىم مەن قايغوسىز بىر كون
ياش جىنمغا كەلدى بو ئولوم

بىلگە :

قايغورماڭىز تىكنىم قوتلوق
ئوزون ياشاپ كورەرسىز خوشلوق
قىشمو كىتەر ئەرتەيازمو كىلەر
كىچەدىن كين كون توغارنورلوق

قوتلوق :

سوقوشقا چىقدىم توتقون بولدوم
توركاننى سويدوم كورمەي ئولدوم
قايغو ئوتى كويدوردى جانىمنى
غونچە ئىدىم ئىچىلماي سولدوم

بىلگە :

بىر كون بولور ئۇتو قمو يولداش
توركا نمو بولور سىزگە بىر ئويداش
كەلگوسىدە سىن سيز ئومد سىزبولماڭ
خوشلوقمو كورور هەر قا يغولوقباش

قوتلوق :

خاقان ئاتام قاتتىغ قايغورور
خاتون ئانام بىلمەم نە بولور
كىلور بىر ماتەم ئويغور ئىلىگە
توركانمو بىلسە بىلمەم نە قىلور

بىلگە :

تىكىنم سەن موند ىن قايغورما
پائىدە سىزدور هەسرەتتە قالما
بوزماى كوڭولىنى كورەيلى چارە
مەڭگو بولماس بىزگە بو تورما

گوزەتچى ئەسكەرلەر بو سوز ۋە ناخشالەرنى ئىشتكەندىن
كين يوگوروشوپ زابىت نىڭ ئالدىغا بارىپ توتقونلەرنىڭ
سوز ۋە ناخشالىرىنى ئاڭا ئېتىدو. زابىت هەيران بولودو
ۋە ئالدىراپ تاشقىرىغا چىقىپ كىتىدو.

قوتلوق : ( ئوز ئوزىگە )

ئاه اباتور ئاتالور ئاتالماس بو هالغا قىلىش بەك
ئىغىر، ئوغرى ۋە قاراقچىلاغا لايىق ئىدى كىشەن بىلەن
زەنجىر. ياش باتورغا ئويات ئەمەسمو بو هالغا قالماق؟
ئىشىسىز قودرەتسىز هايواندەك قامالماق.

ئىدارە زابىتى بىر چوڭ قوماندان بىلەن ئالدىراپ كىرىدۇ، قوتلۇق تىكىنگە سالام بىرىدۇ، قوتلۇق ۋە بىلگەنىڭ پوت قولىدىن كىشەن ۋە زەنجىرلەرنى چىقىرىپ قاماق ئۆيىدىن ئىدارەگە ئىلىپ چىقىدۇ.

قوماندان :

— سىزنى گۇمان قىلدۇق ئادى بىر چىرىك، كىچىرىڭ كۆرگەن بولسىڭىز قاتتىق يىرىك. موندىن كىين سىزگە قىلىمىز ھۆرمەت، كۆرمەيسىز بىزدىن ھېچبىر زەخمەت. ئەمما سىزنى قولۇمىزدا گۆرەي ساقلايمىز، خاقان بىزگە سوقۇش ئاچمىسا سىزگە زىيان يەتكۈزمەيمىز. بىزدە يوق سىزگە يامانلىق، يۇرتىمىز تۇتقۇنغا ئامانلىق. بۇ ئىدارە زابىتى سىزگە مېھماندارە، ھەر تىلەكىڭىزنى ئورونداشقا تەييار. بۇ- ئۆي ئىچىدە سىز ئەركىن، تاشقىرىغا چىقماڭلەيكىن .

قوتلۇق :

— رەھمەت سىزگە ئى يىگىت ا بىر سۆزۈم بار ئىشىت. ھالىمدىن ئاتامغا خەبەر بىرىڭ، ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئاتامغا بىلدۈرۈڭ .

قوماندان :

— خاتىرجەم بولۇڭ، خاقانغا بىلدۈرىمىز، مەخسىدىڭىزنى ئوقتۇرىمىز .

قوماندان سالام بىرىپ چىقىپكىتىدۇ. ئىدارە زابىتى تۇرلۇك غىزا تاماق تەييارلاپ قوتلۇق تىكىن ۋە بىلگەنى مېھمان قىلىدۇ. خىزمەت ئۈچۈن باشقا ئىككى ئەسكەرنى بەلگىلەيدۇ.

بۇ ئەسكەرلەرنىڭ قىياپىتى باشقا بولۇپ، باشلىرىدا قارا تېقى دوپپا، ئۇچلىرىدا مەللە چەكمەن كىيىملەر، بەللىرىدە كۆك چەكمەن پوتا، تىل شىۋەلىرى ئۇيغۇرچە.

زابىت ئاخشام بولغاچ لايىق ۋە يۇمشاق ياتاقلەرھا زىرلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ. قۇتلۇق تېكىن نىڭ گۈزەل سۆزلىرى ئىككى ئەسكەرگە ياخشى تەسىر قىلىپ ئۇلەر قۇتلۇق تېكىن ۋە بىلگە گە چوڭقۇر بىر سەمىمىيەت بىلەن ھۆرمەت كۆرسەتمەككە باشلايدۇ. بۇ ھالنى تۇيغان قۇتلۇق تېكىن بىر كېچە ئۇلەر بىلەن تۆۋەندىكىچە سۆيلىشىدۇ.

قۇتلۇق:
— قېرىنداشلەر! سىز مىكىز ئۇيغۇر سىزغۇ؟ چىرايى-ڭىز ئۇيغۇر چىرايى نىڭ ئۆزىغۇ؟

ئەسكەرلەر:
— بىز بەسمىللەردىن باشقا. قوجودىن كەلدۇك بۇياققا.

قۇتلۇق:
— نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز، ئىلىگىڭىزدىن قانداغ ئايرىلدىڭىز

ئەسكەرلەر:
— بەسمىللەر ئۇيغۇر خاقانىنىڭ ئوغلىنى تۇتۇۋالدى، خاقانغا قارشى بەسمىل ئىدىقۇتى قوجو خانى بىلەن توختام قىلىشتى. بەسمىل چېرىكى خېلى نۇرغۇن، قوجو خانى چاقىردى يىگىرمە مىڭ قوشۇن. بىز بۇ قوشۇننىڭ ئەرلىرى، يېقىندا يۈرۈش قىلغۇسى ئىككى ئەلنىڭ ئەسكىرى.

قوتلۇق :

— ئويغۇرتەرىپتىن بارموخەبەر ، قارلۇقلەردىن بارموھېچ بىر

ئەسەر .

ئەسكەرلەر :

— ئويغۇر چېرىكى قومۇلدا ، قارلۇق ئەسكەرى يولدا .

قوتلۇق :

— ئويغۇر- قارلۇق بىسەپ كەلسە بەسمىللەر نىمە قىلا ؟

ئەسكەرلەر :

— خاقاننىڭ ئوغلىنى ئولتورور .

قوتلۇق :

— خاقاننىڭ ئوغلى قەيەردە ؟

ئەسكەرلەر :

— قاماغلىق ئىمش سارايدا .

قوتلۇق :

— ئىست ئەمەسمو ئو ياش ئوغولغا ؟

ئەسكەرلەر :

— بەك ئېچىنىمىز ئو يىگىت قەھرىمانغا.

قوتلۇق :

— ھېچ بىر دوستى يوقمو قوتقوزودىغان ؟

ئەسكەرلەر :

— سارای تشىدا بولسا بىز قوتقوزاتتوق ئونى.

قوتلوق ۋە بىلگە بىردىن چورچوپ ئەسكەرلەرنىڭ يۈزىگە قارايدۇ.

قوتلوق ۋە بىلگە بارابەر - ناخشا ۋە چالغۇ.

— ئاپىرىن ئاپىرىن قوچۇ يىگىتى
ھەممە تىنىك بىر كاتتا ئەرنىڭ ھىممىتى
بەختىمىز تۇتقۇنلەرنى ئازات ئەيلىمەك
ئۇلۇغدۇر بەك ئۇلۇغ بۇنىڭ قىممىتى

قوتلوق بىلگە ئالدىنقى تۇتقۇنلەر
يوقتۇر يىگىت غەيرىتىگە تۇسقۇنلەر
سەن خاھلاساڭ بىز قوتولۇپ كەتكەيمىز
غەيرىتىگە جانلەر پىدا بولسۇنلەر

سەن قوتقۇزساڭ بوجانىمىزساق قالۇر
خاقان سىنى بۈيۈك ئەلگە بەگ قىلۇر
ئۇيغۇرقارلوق سىنى جاندىن ئالقىشلار
ئاژۇن سىنى بىر قەھرىمان دەپ تونۇر

ئەسكەرلەر: (بىردىن قوپۇپ قوتلوق تىگىنگە سالام بېرىدۇ.)
— تىگىنىم! سىزنى قوتقۇزۇشقا بىز تەييار، بىز
سىزنىڭ جانىگىز نىڭ ئەسەن قىلىشىغا پىداكار.

قوتلوق:
— ئەي باتورلەر سىزگە رەھمەت ئېيتىمىز، قىچىنىش چارىسى نىمە؟

ئەسكەرلەر:
— ئۇيغۇر يا قارلوق تەرەپكە قاچساق تۇتۇلۇمىز، كوچا

تەرەپكە قاچساق قوتۇلۇمىز. بىز سىزنى يەتكوزومىز ئايغىر بولاقتا ، تىنچ ئامان كىتەلەيسىز ئاندىن ئويا قتا .

قوتلۇق :

— ئاپىرىن يىگىتلەر. كوچا تەرەپكە قاچايلى ، ھەرھالدا بو كىچە يولغا چىقايلى . بىز مو سىزگە ئوخشاش كىيىم كەيمىسگىمىز كىرەك ،كىشى سەزمىگودەك قىياپەتتە شەھەردىن كەتمىگىمىز كىرەك.

ئەسكەرلەر تاشقىرىغا چىقىپ ئوز كىيىملىرىدەك ئىككى كىشىلىك كىيىم ئېلىپ كىرىدو . قوتلوق تىكىن ۋە بىلگە ئوزكىيىملىرىنى چىقىرىپ خوجونغا سېلىپ قوجوچە كىيىملەرنى كىيىدو ۋە تورت كىشى بىرلىكتە چىقىپ كىتىدو .

## پەردە يېپىلىدو

---

يگۇبىلىق : ھازىرقى زاماندا موغولچىسى "چونجا" ۋە خەنسوچىسى "گوچيڭ" بولغان شەھىرىمىزنىڭ قەدىم ئاتىدور .

تىكىن : خاقان بالىسى ،شەزادە .

# بەشىنجى پەردە

## كۆرۈنۈش
1

ئايغىر بۇلاق. ئىككى ياقتا ئېگىز ۋە تىك تاغلار. ئۈستىلىرى قار بىلەن قاپلانغان. ئوتتۇرىدا تار بىر جىلغا، جىلغانىڭ ئوتتۇرىسىدا ھارۋا يولى، يولنىڭ بويىدا قايناپ چىقىپ تۇرغان چوڭ بۇلاق، بۇلاقنىڭ ئەپە چۆگرىسىدە يېشىل قوموش ۋە ئوتلار. بۇلاقنىڭ يوقارى تەرەپىدە جىلغا بىر ئاز كەڭ بولۇپ، ئۇ يەردە يولۇچىلار سارايلىرى كۆرۈنمەكتە.

### پەردە ئېچىلىدۇ.

تورپان تەرەپتىن بىر قانچە كىشىنىڭ ناخشا ئاۋازى كېلىدۇ، ئاستا ئاستا ئاۋاز يېقىنلىشىدۇ. ئاخىردا قوتلۇق بىلگە ۋە ئىككى ئەسكەر ناخشا ئېيتقان ھالدا ئاتلىق كۆرۈنىدۇ. قىياپەتلىرى قاماق ئۆيىدىن چىققاندىكى قىياپەت.

-ناخشا ۋە چالغۇ-

بارچە تاغلەردىن ئېگىز ئايغىر بولاقىنىڭ تاغلىرى
ئۇستۇندە قار ياغادۇر ئاستىنىدا باغلىرى
ياش يىگىت نىڭ باغرىسىنىماس قايغۇ كەلسە باشىغا
قايغۇلۇغ كۆڭلەر ئۆتەر كەلگەى سويۇنمەك چاغلىرى

ياش يىگىتلەرگە ياراشور تاغ ۋە چۆللەرنى كېزىش
تاش بىسىپ ھەم سۇ كېچىپ دۇنيا يۈزىنى ئايلىنىش
يۇرت ئىچىدە ياشىدىن ئىسسىغ سوغاقنى ئۆتكۈزۈش
ياخشى يامانىنى تونۇپ پايدا زيانلەرنى بىلىش

بولەرناخشا ئېيتا بولاق باشىغا كېلىپ ئاتدىن چۈشۇدۇ.

قۇتلۇق: (بىر بولاققا ۋە بىر تاغقا قاراپ)
– قاراڭلا ئادا شلا! نىمە دېگەن چىرايلىق كۆرۈنۈش!
ئاستىمىزدا زومورەت، ئۈستىمىزدە كۈمۈش.

بەلگە:
– تۈرك يۇتلىرى نىڭ ھەر يېرى بىر ئوچاق، دىمەك
ئوچاقدا ياشار ئوچاقدا يورەر ھەر ئايماق.

بىر ئەسكەر:
– بۇ يول دۇنيا بايلىقى نىڭ جان تومورى.

يانابىرى:
– بۇ يول ئۈستىدە دۇر مەشرىق ۋە مەغرىب ئارسىدىكى
كاروان سەپەرى.

قوتلوق: (كولومسىرەپ ئەسكەرگە قاراپ)
- بۇ يولنىڭ ئىگىڭ تاتلىق سوپىتىنى ئونوتدىڭىز.

بىلگە: (كولوپ)
- هاھ! ئىشق كاروانى يولى بولغانلىقىنى ئەيتىڭىز.

ھەممىسى كولوشوپ ۋە تاتلىق سوزلىشىپ كىلىپ بولاقباشى-دىكى ئوتلاقدا ئولتورودو. بىرى قوپوپ ئات ئوستىدىن بىر خوجونىنى ئالىدو، خوجوندىن بىر دوستىغاننى ئىلىپ ئىچىپ سالىدو، دوستىغاندىكى توقاچ ۋە پىششىغ گوشلەرنى يىشىدو. تاماق يىگەندىن كين ئىككى ئەسكەر ئورنىدىن قوپوپ روخسەت سورايدو.

-ناخشا ۋە چالغو-

ئىككى ئەسكەر:

- بىز قايتايلى ئەي مىھمانلەر خوش ئەمدى
ياش يىگىتلەر قەھرىمانلەر خوش ئەمدى
موندىن كين سىزگە ھىچ بىر خەتەر يوق
قوتولدىڭىز ئىزىز جانلەر خوش ئەمدى

قوتلوق-بىلگە:

- ئەي يىگىتلەر قىلدىڭىز لەر كوپ خىزمەت
كوسەتتىڭىز بىز لەر ئوچون چوڭ ھىممەت
تىرگوز دىڭىز بىزنى سىزلەرنىڭ دىن
جاندىن ئىزىز مىھرىبانلەر خوش ئەمدى

قوتلوق . بىلگە

— تا قىيامەت، بىز سىز لەرنى ئەسلەيمىز
ئۆلگۈنچىلىك سىزگە شۈكران بەسلەيمىز
تاپا رمىز بىز پات يېقىندا سىزلەرنى
بىز ياشايمىز ئەي يارانلەر خوش ئەمدى

ئەسكەرلەر كەلگەن يول بىلەن قايتىپ كېتىدۇ. قوتلوق تېكىن ۋە بىلگە ئاتلىنىپ قارا شەھەر تەرەپكە يولغا چىقىدۇ.

## پەردە يېپىلىدۇ

# كورونۇش
## 2

مەۋسىم ئەتىياز. كورلا شەھەرىدىكى تۆرت تىرەك مەھەللىسىدىكى باغ؛ رەڭگارەڭ چېچەك ۋە گۈللەر ئېچىلغان. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوستاندا ئاموت، ۋە ئالمالەرنىڭ سايىسىدا قوتلوق تېكىن ۋە بىلگە ئولتۇرماقتا، كيىملەرى قاماقدىن قاچقاندىكى كيىملەر. باغنىڭ بىر تەرەپىدە ئىككى ئىگەرلىك ئات كورۇنمەكتە. بوستاننىڭ ئالما ۋە ئاموت ياغاچلىرىغا ئىسلىغان خوجۇنلەر ۋە كيىملەر تۇرماقدا.

## پەردە ئېچىلىدۇ

قوتلوق :

- ئاھ ! نىمەدىگەن چىرايلىق باغلەر، ئاھ نىمەدىگەن يقىملىق چاغلەر، بو مەۋسىمدە كوچاغا بارسام، كونخان نىڭ باغچىسىدا مېھمان بولسام، توركاننىڭ جامالىنى كورسەم، ئاھ!ئەمدى ئەرمانىم يوق ئولسەم .

بىلگە : (كولوپ)

- ئاھ!نىمەدىگەن تاتلىق خيال! ئەمدى كەلگەي بىزگە ئقبال.

(ئىككىسى بارابەر ناخشا ئىتىپ ئوينايدو.)

-ناخشا وە چالغو-

كەتتى قايغو كەلدى خوشلوق بىزگە ئەمدى يارىار
تەگرى لوتپى باشىمىزغا سايە سالدى يار يار
ئوتتا كويگەن بو يورەكلەر راھەت، ئالدى يار يار
كۆلدى دوستلەر بارچە دوشمەنغەمدە قالدى يار يار

ئاھ كوچاغا بىر بارىپ يارىمنى كورسەم يار يار
ئو گوزەلنىڭ باغدىن بىر گولنى ئوزسەم يار يار
باغدا چوشكەن ئىزىنى كوزومنى سورتسەم يار يار
بىر قىيا باقسا ماڭا جانىمنى بەرسەم يار يار

يارغا سوغات قىلىبان جانىمنى توتسام يار يار
يوروكىمنى سوغوروپ ئالدىدا قويسام يار يار
ئالدىدا قول باغلابان ھالىمنى ئيتسام يار يار
ھالىمە رەھم ئەيلسە قوربانى بولسام يار يار

ئۆيوندىن كىين ئىككويلەن يانباشلاپ يېتىپ كىگەش قىلىدۇ .

قوتلوق :

ــ بەك ئىغىر تۇتقۇنلۇقدىن قوتۇلدۇق ، كوچاغە يىقىنلاشدۇق . كون خانغا خەبەر يوللاش كىرەك ، كورلا شەھرىگە كىرىپ ئۇستى باشىمىزنى ئوڭلاش كىرەك .

بىلگە :

ــ بۇ باغدا بىر ئاز ئىستراھەت قىلايلى ، كەچقۇرۇن شەھەرگە كىتەيلى . بىر تەرەپتىن بىر كىشى تېپىپ كوچاغا چىپەر يوللايلى ، بىر ياقدىن ئۇستى باشىمىزنى تۈزۈتۈپ يولغا چىقىشقا ھازىرلىنايلى .

بۇ شەكىلدە سوزلىشە ئىككويلەن ئۇيقوغا كىتىدۇ . بولەر قاتتىق ئۇيقودا ئىكەن بىر نەچچە ئوغرى كىرىپ بار يوقىنى ئالىرگە يوكلەپ ئەچىقىپ كىتىدۇ . قوتلوق تېكىن ۋە بىلگە قاماقدىن چىققان چاغدىكى كونا كيىملىرى بىلەن قالىدۇ . بولەر ئۇيقودىن ئويغونوپ ھادىسەنى كورۇپ قاتتىغ قايغۇرۇدۇ . بىر مۇددەت ھەيران بولوپ بىربىرىگە قارىشىپ قالىدۇ .

قوتلوق :

ــ قانداغ قىلىمىز ئەمدى ؟

بىلگە :

ــ نىمە چارە بار ؟ بولغولۇق بولدى .

قوتلوق ـ ناخشا وه چالغو ـ

ـ ئەی پەلەك بىز لەرگە قىلدىڭ كوپ جاپا
كەلمدى ھېچ كيمسەگە سەندىن واپا
سەندە بىر ئىنساپ، ئادالەت يوقمودور
نە بولوردى دەردىمە بەرسەڭ شىپا.

بىزگە مونچە زولمى قىلدىڭ ئى پەلەك
بارىيوقنى بىزدىن ئالدىڭ ئى پەلەك
ئازغىنە كولسەك ئاڭا سەن چىدىماي
قايتادىن قايغوغا سالدىڭ ئى پەلەك

يارىشەنمەس ئاشىقڭدۇر مەن دىسەم
خان ئونارمو مەن ئاڭا ئەرز ئەيلسەم
بير ساراك دەرلەر كوچالىغلەر مىنى
ئەسلى نەسلىمنى ئولەرگە سوزلسەم

ماڭا دونيادىن نە سىب ئاوارەلىق
ياش يىگىتكە كوپ ئىغىر بىچارەلىق
ئالتون ئالسام ئىلگىمە توپراق بولور
بولدى تون كەيسەم ياقام يوز پارەلىق

بىلگە :

ـ سەبرى قىلىڭ، قايغورماقتا يوق پايدا.

قوتلوق :

ـ نىمە قىلىمىز ئەمدى بىزگە چارە قايدا.

بىلگە :

ـ كوچاغا بارايلى ، ئاندا چارە قىلايلى.

قوتلۇق :

ـ بۇ ھال بىلەن كۈنخان نىڭ ئالدىغا بارساق ، باشى مىزدىن ئۆتكەننى ئاڭا ئېيتساق ئۇ بەلكى ئىشەنمەس، بەلكى بىزنى ئالدىغا قوبۇل ئەتمەس .

بىلگە :

ـ بىز ھەر ھالدا كوچاغا بارىشىمىز كېرەك ، ئۇيەردە ئەھۋالغا بېقىش كېرەك .توغرىكۆر سەكئۆزىمىزنى بىلدۈرمىز، بولمىسا بىر ئىش قىلىپ كۈن كۆچۈرۈمىز . . . . . .

قوتلۇق :

ـ بىز كوچاغا بارايلى ، ۋەقتىنچە ئۆزىمىزنى بىلدۈرمەي تۇرايلى . كۈڭلۈمگە بىر ئىش كېلىدۇ شۇنى قىلساق ، ئېھتىمال كىم ئىززەت بىلەن تونۇلساق .

بىلگە :

ـ ھاھ چۈشەندىم.مېڭ ئۆيگە بېرىپ رەسمچىلىك قىلىشمو؟ تام تۇرۇسلەرگە تۇركان نىڭ رەسمىنى سىزىشمو؟

قوتلۇق :

ـ قانداغ بىلدىڭ ، كۈڭلۈمدىكى سىرنى نىچۇك سەزدىڭ.

Altunoq

بىلگە :

— ئاڭلىشىمچە كونخان مىنىڭ ئوي بىتخاناسىغا ئىشلىمەكتە،
ئىنىڭ ئوستا بىر رەسىمچى ئىستەمەكتە . رەسىمگە سىز بەك ئوستا،
بو ھونەردە سىز يەكتا . ئو يەرگە كونخان ۋە توركان پات
پات كىلەرمىش، ئىشلەرنى تەكشورەرمىش. ئو يەرگە بىرىپ
سىز بولوڭ رەسىمچى ، مەن يىنىڭىزدا بولاي بىر ئىشچى .

قوتلوق: ( كولوپ )

— بىلدىرمىسەمو ئوزوڭ بىلدىڭ ، مەن دەيدىغان
سوزنى ئوزوڭ دىدىڭ . ئەمدى كىتەيلى ، پاتراق مىنىڭ
ئويگە يىتەيلى .

ئىككىلەن پيادە ھالدا باغدىن چىقىپ كىتىدو .

## پەردە يىپىلىدو

---

ئايىغىر بولاق : قوروغ تاغ قاتارتاغلىرى نىڭ ئىچىدە تورپان وە
قاراشەھەر ئاراسىدىكى يولدا بىر بولاق باشىدا بىر چوشكون .

ئوچماق : جەننەت.

يىپەك يولى .

چاپار: پوشتاچى ، خەت توشوغوچى.

يەكتا : مىسلى يوق ،بىرگىنە .

# ئالتنجى پەردە

## كورونوش
### 1

كوچانىڭ شىمالىدىكى مىڭ ئۆي تىغى . كۆپ ئىشچىلەر تاغنى ئويۇپ ئۆيما بوت، ئۆيلىرى ياساماقدا . ئوترىدا ئويۇلۇپ پىتكەن بىر چوڭ ئۆي . توردە قوتلۇق تكىن بىر ئىشچى قيا پتىندە . بىرىنجى ۋە ئىككىنجى پەردىلەردە سوزى ئوتكەن رەسىملىق ياغلىق تامدا ئىسلىغان . قوتلۇق تكىن ياغلىقدىكى توركاننىڭ رەسىمنى چوكايىتىپ تامغا سىزماقدا . بىلگە بىر ئىشچى بولوپ قوتلۇق تكىنگە ياردەم قىلماقتا .

## پەردە ئېچىلدو

قوتلوق :

— بىر قانچە كون بولدى بو پەردە ئىشلەيمىز ، خاننى ۋە يا توركاننى كورمەيمىز .

بىلگە :

— خان ۋە ئائىلەسى كىلورمىش بويەرگە پات پات ، ئىشچىلەرگە ئەيلەرمىش ئىلتپات . نىيمە بولدىكە لمىديغو؟ توشونجەمچە بەختىمىز ئېچىلمىديغو .

قوتلوق :

ــ بىز بويەرگە بىر ئومىد بىلەن كەلدۇق ، ئەمما ئىنتىزار ئوتىدا كۆيدۇق .

-ناخشا ۋە چالغۇ-

يىمغا كەلمىدىڭ يارىم يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم
قولۇمغا قوش پىچاق ئالىپ يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم
سىنى كۆرمەك ئۈمىدىدە كېچەھەم كۈندۈز ئىشلەيمەن
تىنمەي قالمىدى تاقەت بۇئىشدىن ھارغۇدەك بولدۇم

سىنىڭ ۋەسلىڭنى ئىزلەپ ئوگۈزەل يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم
سىنىڭ ئىشقىڭ يولىدا تاج ئىلە تەختىمدىن ئايرىلدىم
ئاتام خاقان ئانام خاتۇن ئۇلۇغ شەھزادە ئەردىمەن
سىنى كۆرمەك ئۈچۈن شەھزادەلىك تەختىمدىن ئايرىلدىم

بۇ ھالدا تاشقىرىدىن تاراق تۇرۇق بىر ھاۋانىڭ ئاۋازى.
كىلىدۇ .

ۋە ھاۋانىڭ قوتلوق تېكىن ئىشلەپ تۇرغان ئۆي نىڭ ئالدىدا توختىغانلىقى ۋە بىر نەچچە كىشىنىڭ ھاۋادىن چۈشۈپ، ئۆي تەرەپكە ماڭغانلىقى تۇيۇلىدۇ. كۈن خان ، چولپان خاتۇن ۋە تۇركان تىرىم ياغلىقدىكى رەسىمدىكى قىياپەتتە ئۆيگە كىرىدۇ . قوتلوق تېكىن ۋە بىلگە قول قاۋشتۇرۇپ توققۇز تازىم قىلىدۇ . ئۇلەر رەسىملەرگە قاراپ

كۈن خان :

ــ ۋاھ ۋاھ ! نىمەدىگەن چىرايلىق رەسىم ، خودى تۇركانىم.

چولپان خاتون :

ــ مەن مونداغ رەسىم كۆرمىدىم، بۇ قەدەر ئۇستا بىر رەسىمچى تېپىشىمىزنى ھېچ بىلمىدىم .

توركان : (كۈلۈپ ۋە ئاتا ئانىسىغا نازلىنىپ)

ــ بۇ ئۇستاغا كاتتا ئىنئام بېرىش كېرەك، سارايدا لايىق دەرىجىدە خىزمەتكە ئېلىش كېرەك .

كۈنخان : (قوتلۇق تەكىنگە يېقىنلىشىپ)

ــ ئەي سويۇملۇك يىگىت قەيەردىن بولۇسىز؟

قوتلۇق :

ــ ئۇلۇغ خانىم ! ئۇيغۇر يېرىدىن بولىمىز.

كۈنخان :

ــ بۇ ھونەرنى ئۆگەندىڭىز قايسى يولدا ؟

قوتلۇق :

ــ قارا بالغاسۇن خاقانلىق ئوقۇلىدا .

كۈنخان :

ــ ئاپىرىن يىگىت ، ئەرتە سارايغا بېرىڭ، سىزگە ئاتىغان ئىنئامنى ئېلىڭ، كىچە بارىپ يېتىڭ بىزنىڭ باغدا، كۈندۈز كېلىپ ئىشلەڭ تاغدا .

قوتلۇق :

ــ ئىلتىپات سىزدىن قوللۇق بىزدىن.

خان ۋە خاتون چىقىپ كىتىدو ، توركان قالىدو ، بىر قىزىىرىپ بىر سارغىرىپ ئاستا ئاستا قوتلوقتىكىنگە يقىنلىشىدو .

توركان :

— ئەي يىگىت ئويغور ئىلىدىن قاچان چىقىدىڭىز ، كوچاغا قايسى زاماندا كەلدىڭىز ؟

قوتلوق :

— ئويغور ئىلىدىن چىقتوق بولتور ، بو يەرگەكەلگىنىمىزگە يىگىرمە كوندور .

توركان :

— يولوغ خاقان سارايغا كىردىڭىزمو ، ئو يەردەكى ئەھواللەرنى بىلدىڭىزمو ؟

قوتلوق :

— مەن ئو سارايدا توغولدوم ، خاقاننىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدوم . ( توركان تىرىم باشقا سوئاللەر سورماق ئوچون سوز قىلماقچى بولىدو ، لىكىن كيكەچىلىنىپ دەرھال سوزونى يوتكەيدو . )

توركان :

— رەسىملەرنى كوپ ياخشى سىزىپسىز ، رەھمەت !

قوتلوق :

— جانىمغا شەرەپدور بو خىزمەت .


Altunoq

تورکان :

— رەسمچىلىقدىن باشقا ئىشىڭىزمو بارمو؟

قوتلۇق : ( تىترەپ )

— ئا.. ئا.. ئا.. ئاشىق . ئاھ !(بىھوش بولوپ يىقىلىدو.)

پەردە يېپىلىدو

## كورونوش

## 2

واقىت كېچىلىك . تورکان تىرىم نىڭ ياتاق خانىسى.ناھايىتى چىرايلىق شاھانە بىر ئوي، توردە گوللۇغ تاۋار يېپىلىق بىر كارىۋات ، بىر تەرەپتە تاۋار قاپلىغ ئورونلۇقلەر.

پەردە ئېچىلىدو

تورکان تىرىم، قايغولوق وە پەرىشان ھالدا ئوييىگە كىرىپ ئورونلوقتا ئولتورودو. يىنا قوپوپ ئاھ ! ئاھ ! دەپ ئوييىنى بىر ايككى ئايلىنىپ ئىشىگىنى زىنجىرلەپ كەلىپ ئولتورادو.

تورکان :

- ئاھ ! سويگوبالاسى نيمەدىگەن ئيغير بالا . ئيككى ييلدىن بىرى مەن بو بالاغا موپتەلا . قوتلوق تكىن نىڭ

رەسمىنى كوروپ ئونى سويدوم، ئونىڭ بىلەن
قاۋوشماق ئومىدىنى كوتتوم، ئو بىچارە
توتقونلوقدا ئولدىمو قاۋوشماقمىز قىيامەتكە قالدىمو؟

-ناخشا ۋە چالغو-

قايغو ئىچرە قالدى مىنىڭ بو باشىم
سەلدەك ئاقار كىچە كوندوز قان ياشىم
ئەندىشەدىن باشقا يوقتور يولداشىم
قوتلوق جانىم بو ئاژوندا بارموسەن

سىنى سويدوم ساڭا كويدوم كورمەيىن
ۋىسالىڭنى كوتتوم ئومىد ئوزمەيىن
سىنى كورمەك موشكول بولدى ئولمەيىن
قوتلوق جانىم بو ئاژوندا بارموسەن

ئوروش قىلدىڭ مەيدانلاردا مەن ئوچون
توتقون بولدوڭ زىندانلاردا مەن ئوچون
ماڭا كىرەك ئەمدى ئولمەك سەن ئوچون
قوتلوق جانىم بو ئاژوندا بارموسەن

توركان تىرىم ئورنىدىن قوپوپ ئوي ئىچىدە يوروپ

— بو ئويغور يىگىت ئاجايىپ بىر ئاشىق كورونىدو، ھالىنىڭ ماڭا ئوخشاش موشكوللىكى بىلىنىدو. ئاھ! ئىشق يىگىتلەرنى قىلىدو ئاۋارە، قىزلەرنى قىلىدو بىچارە. بو يىگىت نىڭ چىرايى قوتلوق تىكىنگە ئوخشايدو، ئونى كورگەندىن بىرى يورەكىم ئوينايدو.

بىرگورۇپ بىرىپ ياستۇق نىڭ ئاستىدىن بىردانە ئاق يىپەك ياغلىقنى ئالىدۇ. بۇ ياغلىقدا بىر ياقتا يۇلۇغ خاقان ۋە بىر ياقتا ئۇماي خاتون ۋە ئوتتۇردا قۇتلۇق تكىن نىڭ رەسمى بار.

— بۇ رەسمچى نىڭ يوزى بۇ رەسم نىڭ ئوزى، ياق ياق! مەن ئازدىم بەلكى مەن اوخشاتتىم. قوتلوق تكىن توتقوندور بو يەرگە كىلەلمەس، كەلسە تاغلەردە يورمەس. ئوكەلسە ئوردا اغا كەلمەى تاغقا كىلورمو؟ ئىشچى بولوپ تاشقىرىدا يوررومو؟ قوتلوق بىر خانزادە رەسمچىلىك قىلماس، خانزادەلىك سوپىتنى بوزماس.
يانا رەسمگە قاراپ چوشونودو.
— ياق ياق ھىچ بىر ئايرىلىقى يوق، شو ئوزى قوتلوق. ياق ياق مىنىڭ قارا بەختىم مونداغ ئاسان ئىچىلماس، قارا كۇنگو كىچەم ئوشتومتوت يورۇماس.

بۇ ھالدا بىر كىشى ئىشكنى قاقىدۇ
توركان: — بو كىم؟

تاشقىرىدىن: — مەن جىچەكم

توركان ئىشكنى ئاچقاچ چىچەكم كىرىدو، گوزەل بىر قىز، يىشى توركان بىلەن بەرابەر، كيىمى توركاننىڭگە ئوخشاش.

ـ ناخشا ۋە چالغو ـ

چىچەكم :

ـ ئىككى يىگىت باغ ئارا يورەر سەير ئەيلەپ
ئاشىقانە سوزلىشور مەخسەتنى كوزلەپ
يورگەن ئوخشايدو باغدا بىر يارنى ئىزلەپ
ئولەر ئىمش بو باغدا خان نىڭ مىھمانى

توركان :

ـ قايدىن كەلگەن يىگىتلەر ئىمش بىلدىڭمو ؟
يقىن بارىپ ئولەر نىڭ يوزىنى كوردىڭمو ؟
مەخسەتلەرى نە ئىمش سوراپ ئوختوگمو ؟
كىمدور ئولەر ئىزدىگەن باغدا جانانى ؟

چىچەكم :

ـ كەلمىش كوچا شەھرىگە ئويغوردىن چىقىپ
گول يوزلەرى ساغارمىش كوپ جاپا چىكىپ
بىر يار ئىمش مەخسىدى كەلدىم مەن بىلىپ
جانان ئىزلەپ بو باغدا تاپماسلەر ئانى

توركان :

ـ ئويغور يىگىت كىمدور ئو قوتلوقمۇ ئەمەس
قوتلوق بولسا ئو باشقا يارنى ئىزدەمەس
ئاھ يورەكىم ئوينايدو شومو يا ئەمەس
جان چىچەكىم كەلدىمو توركان نىڭ جانى

چىچەكم: (ئويناپ)

- مەن كەلتوردوم خوش خەبەر بىرىڭ سويونجە
سىز سويد ىڭىز قوتلوقنى مەن سويدوم بىلگە
قايغودا مو بىز ئورتاق خوشلوقمو بىللە
بىز ئو ئىككى باتور نىڭ چىچەك توركانى

توركان: (ئويناپ)

- جان چىچەكىم بو جانىم سىزگە سويونجە
ئىككىمىز نىڭ جانانى قوتلوق ھەم بىلگە
قايغودىن بىز قوتولدوق خوشلوقمو بىللە
كەلدى توركان-چىچەك نىڭ خوشلوق زامانى

پەردە يېپىلىدۇ


AltunOq

# يەتتىنچى پەردە

## كورۈنۈش

### I

ۋاقىت ئاقشاملىق. چىراغلەر ياندۇرۇلغان. كۆچا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى قۇتلۇق ئوردا سارايى، رەڭگارەڭ گۈللەر ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئاراسىدا كاتتا بىر شاھانە ئىمارەت. ئىمارەتنىڭ غەرب تەرەپىدە ئۇزاقتا ئىككى تورا كورۈنۈپ تۇرىدۇ. توردە بىر نەچچە زىننەتلىك ئورۇنلۇقلەر. ئوتتۇرىدا كۈنخان، بىر ياندا چولپان خاتۇن، ۋە بىر ياندا قۇتلۇق تېكىن ئولتۇرماقتا. قىيا پەتلىرى يوقارقىدەك.

## پەردە ئېچىلىدۇ

كۈنخان (قۇتلۇق تېكىنگە قاراپ)

— ئەي ئىززىز مېھمانىم! سويۇملۇك ئوغلانىم. يۇلۇغ خاقان بىلەن مېنىڭ ئارامدا دوستلۇق باغى باغلانغان، بۇ دوستلۇق توققانلىققا ئايلانغان. سىز خاقان سارايىدا يالغۇز ئوغۇل، توركانمۇ بىزنىڭ باغدا بىرغىنە گۈل، خاقاننىڭ تىلىگى ئىدى توي قىلماق، مېنىڭمۇ مەخسەدىم ئىككىڭىزنى قاۋۇشتۇرماق. بۇ سارايىنى سىز ئۇچۇن ياسادىم، بۇ مۇناسىبەت بىلەن "قۇتلۇق ئوردا" ئاتىدىم. بېقىندا قىلىمىز تويىڭىزنى، خوش تۇتۇڭ كوڭلۇڭىزنى.

قۇتلۇق: (ئۇيالتقان ھالدا ئورنىدىن قوپۇپ تازىم قىلىپ)

— ئۇلۇغ خانىم! يارلىغ سىزدىن، قۇللۇق بىزدىن. بىراق ئاتام ۋە ئانام بۇ يەردە يوق، تۇتقۇنلۇقدىن قېچىپ

كەلدىم قورۇق . ئىلتىپاتىڭىز مېنى كۆككە كۆتەردى ، لېكىن خىجالەت مېنى يەرگە پاتۇردى .

كۈنخان :
ــ مەن خاقاننىڭ ئورنىدا ئاتىڭىز ، چولپان خاتۇن ئومايخاتۇن ئورنىدا ئانىڭىز . بارىۋقۇم سىزنىڭ،سىز ماڭا ئوغۇل ، ھەرتۈرلۈك خىيال بىلەن بولماڭ مەلۇل .

خان ۋە خاتۇن قۇتلۇقتىكىن بىلەن خۇشلۇشۇپ چىقىپ كېتىدۇ .

قۇتلۇق : ( ئولتۇرۇپ )
ــ خان ۋە خاتۇننىڭ ئىلتىپاتى مۇنداغ ، ئەجەبا تۇركانىمنىڭ خىيالى قانداغ ؟

ــ غەزەل ۋە چالغۇ ــ
قارا كۆزلۈك سۈيگۈمنىڭ چىرايلىق يۈزى بىر ئايدۇر
يۈرەكىمگە ئېتشقا كىرپىكى ئوق قاشلىرى ياي دۇر
ئۇنىڭ ئوگدۈسنى سايراشقا مەن بىرساندۇۋاچ بولدۇم
مېنى ئاۋلاپ يوقاتماققا ئولاس كۆزى تۇرومتايدۇر

ئۇنىڭ قايغۇسىدا يىغلاپ كۆزۈم تەگرى كۆلى بولدى
ئېككى مەگزىمدە ئاققان ياش بوكولدىن يامرىغانسايدۇر
ماڭا خان بىرلە خاتۇن مۇنچە ياخشى كوز بىلەن باقتى
بىراق كۆڭلۈمنى ئەزگەن قايغۇ بىرتۈرلۈك يوقالمايدۇر

مېنى تۇركان سۈيەرمۇ ياكى سۈيمەسمۇ بىلەلمەدىم
كىم ئۇ كۆزئۇچچى بىرلە بولسامۇ مەنسارى باقمايدۇر
ئۇنىڭ كۆڭلىدە سۈيگۈ بولماغاچ كوز ياشىمە باقماس
نوچۇك سەن قۇتلۇقۇم دەپ بىرقېتىم ھالىمنى سورمايدۇر

باغ تەرەپتىن بىر نەچچە قىز نىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋۇشى كېلىدۇ، ئارقىدىن لا تورگان تىرىم، چېچىكىم، ئايتولۇن، تۇرسۇنوم، ۋە ئالتۇنوم ئوخشاش كىنگەن ۋە ياساىغان ھالدا كىرىدۇ.

-غەزەل ۋە چالغۇ-

تورگان :

- قۇتلۇق جانىم مەن سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن ئاشىقمەن
ئاتىڭىزنى ئىشىتىپ سىزگە كۆيگەن سادىق مەن
ئىشق دەردىنى يوشۇرماق ئىدى ماڭا زەرۇرەت
تورك قىزى مەن ئويا تجان ناموسومغا لايىق مەن

ئاتا ئانام بىزلەرنى ئويلەندۈرمەك بولغۇنچە
سىزنى كۆرمەككە ماڭا ئۇلەر روخسەت بەرگۈنچە
ئاچالمىدىم سىررىمنى قۇتلۇق جانىم كەچرۈك
ئىككى ئاشىق كۆرۈشتۇك ھەم بىرلەشتۇك ئۆلگۈنچە

قۇتلۇق :

- تورگان جانىم جانانىم ئەي بىر غىنە ئەرمانىم
ئاياغىڭغا ساچىلسۇن پىدا بولسۇن بۇ جانىم
سەن كۆزۈم نىڭ يورۇقى يورەگىم نىڭ تىلەكى
پىدا ئېك مەن قولۇڭ مەن بۇدۇر ساڭا پەيمانىم

سەن ئاشىق سەن مەن ئاشىق ئىككى ئاشىق تېپىشتۇق
يۈز كۆرۈشمەي جان بىلەن ئىككى ئاشىق تونۇشتۇق
فىراق ئوتى كويدۇردى ئىككىمىزنى ئۇزاقتا
ئەمدى بىزگە قايغو يوق ئىككى ئاشىق قاۋۇشتۇق

- قوتلوق تكىن مەڭگو قوتلوق بولسون سىزگە بوخوشلوق
تورگان تىرىم مەڭگو يولداش بولسون سىزگە بو قوتلوق
ھەر قايسىڭلەر ئىشق ئوتىدا كويدىڭىزلەر نەچچەيىل
وسالىڭىز ئوزون بولسون ھاياتىڭىز ھەم نورلوق

خوشھال ياشاڭ قوتلوق تكىن سىزگە تالەيمەدەتكار
كولوپ ئويناڭ تورگان تىرىم سىزگە دولەت بولسون يار
بىز توركستان گوللەرى تورك بىغىننىڭ بولبوللەرى
ئىچلدوق بىز توزوماسىز ھەم سايرايمىز يار يار

بىلگە : (ئو نىغان ھالدە كىرەدو)

- مىنىڭ يارىم چىچەكىم مەن ئاڭا ئاشىق كىپلەك
چىچەكىم ئاھ چىچەكىم ئىشقىڭدا كويدى بو يورەك
يا ماڭا رەھم ئەيلەگىل يا ئال بو جاننى بو كىچە
دەردىمە يوقدور داوا ئاژون ئارا سەندىن بولەك

چىچىكىم : (ئويناپ)

- بىلگە جانىم ئاشىق بولساڭ مەنمو ئاشىق نە قىلاى
سەن چىراغىم بول ئويومدە مەنمو پەروانەڭ بولاى
كەتتى قايغو كەلدى خوشلوق ئەمدى دەردىڭنى ئونوت
سەن مىنىڭ جانانىم ئول مەنمو ساڭا جانان بولاى

ھەممەسى بىرلىشىپ ئويناپ

- تورك ئىلىدە بوكىچە خوشلۇق چىراغى پارلىدى
تورك ئىلىنى تەگرى تاغلەر ئالقىش ئەيلەپ ياڭرىدى
بىر بىرىگە قول سونوپ تورك ئىلى نىڭ ئاشىق لەرى
دەردىنى ئورتا قلىشىپ بىرلىك سىرىنى ئاڭلىدى

پەردە يېپىلدو

# كورونوش

## 2

واقىت كوندوزلوك . يانا قوتلوق ئوردا سارايى ، سارا ي نىڭ ھەر تەرەپى رەڭگا رەڭ گول لەر ، ئويغور ۋە كوچابا يراق لىرى بىلەن زىنەت لەنگەن . ئويغور بايراقى ئىككىنجى پەردە دىكى نىڭ ئەينى . كوچا بايراقى ئال رەڭدە بولوپ بوز بورە نىڭ باشى رەسىملىق ، توردە كون خان ۋە چولپان خاتون ؛ كون خان نىڭ يىنىدا قوتلوق تكىن ، ۋە ئونىڭ يىنىدا بىلگە ، كوچا قياپتى بىلەن ناھايتى چىرايلىق ۋە يونجو بىلەن بىزەلگەن كيمەر كەيگەن . بىلگە نىڭ يىنىدا يورت كاتتىلىرى ئولتورماقدا . چولپان خاتون نىڭ يىنىدا توركان تىرىم، ئونىڭ يىنىدا چىچىكىم ، ۋە ئونىڭ دىن توۋەندە خانىملەر ئولتورماقدا . ئوى نىڭ ئوترىسىدا توپىن ۋە قام لەر بوگونكى موڭغول لا مالىرى نىڭ قياپتىدە ، لىكىن كيملىرى كالا ۋ- تون بىلەن ۋە يونجو بىلەن بىزەلگەن ، ئوتورماقدا .


AltunOq

# پەردە ئېچىلىدۇ

كۈنخان ئورنىدىن قوپۇپ بىر قولى بىلەن قۇتلۇقتېكىننىڭ ۋە بىر قولى بىلەن تۇركانتېرىمنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تويىن ۋە قاملەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلەرگە ھۆرمەت كۆرسۈتۈپ تىز چۆكۈدۇ، ۋە «ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ يارلىغى بىلەن قىزىم تۇركانتېرىمنى يولۇغ خاقاننىڭ ئوغلى قۇتلۇقتېكىنگە بەردىم» دەيدۇ. تويىن ۋە قاملەر دۇئا قىلىدۇ. قۇتلۇقتېكىن ۋە تۇركانتېرىم راھىبلەرنىڭ ئوڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن كۈنخان بىلگە ۋە چىچكىمنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ ئەۋۋەلقى شەكىلدە يانا تويىن ۋەراھىبلەرنىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ، «تۇرسۇن بەگنىڭ قىزى چىچكىمنى ئاقيول بەگنىڭ ئوغلى بىلگىگە بەردىم» دەيدۇ. تويىن ۋە قاملەر دۇئا قىلىدۇ. بىلگە ۋە چىچكىم راھىبلەرنىڭ سول يانىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

كۈنخان ۋە چولپان خاتۇن ئىككى تاۋاق ئالتۇن يارماقنى يېڭى ئۆيلۈكلەرنىڭ باشلىرىدىن ئۆرۈپ تويىن ۋە قاملەرنىڭ ئالدىدا قويىدۇ، ۋە ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. مېھمانلەر يېڭى ئۆيلۈكلەرنىڭ باشلەرىدىن تاۋاقلەردە يارماق ئۆرۈيدۇ. تويىن ۋە قاملەرگە ھەدىيە قىلىدۇ، تويىن ۋە قاملەر يارماقلەرنى ئېلىپ ۋە خانغا تازىم بىرىپ چىقىپ كېتىدۇ. قىزلەر تاۋاقلەردە گۈل ئېلىپ كېلىپ يېڭى ئۆيلۈك

لەرگە چاچىدۇ. چالغوچىلەر كىرىدۇ ،ۋە ئويۇنلەر باشلايدۇ. يىگىت ئويلوكلەر جوپ ھالدا خان ۋە خاتۇنلەر نىيك يانلىرىدا ئولتۇرىدۇ. كوچا قىياپىتدە كىينگەن ئون ئىككى قىز ئويۇن باشلايدۇ.

- ناخشا ۋە چالغۇ -

ئايتولۇن: ( قوتلۇق ۋە توركانغا ئىشارەت قىلىپ )

كۈن چىقىشدىن بىر قۇياش كۈن پېتىشدىن بىر قۇياش
بولدى، كوچا شەھىرىدە بىر بىر لىرىگە يولداش
كوچا شەھىرى يەر ئەمەس قۇياشلەرگە كوكبولدى
تورك ئىلىگە بو كوكدە ئىككى قۇياش بىر توغدى

ئالتونوم: ( بىلگە ۋە چېچەكمگە ئىشارەت قىلىپ )

- كۈن چىقىشنىڭ بىر ئايى نور چاچماقدا بو جايغا
كۈن پېتىشنىڭ يولدۇزى قوشولماقدا بو ئايغا
توركستاندا ئەركىنلىك ئاي يولدۇزلەر توي قىلۇر
تورك ئىلىگە يورۇقلوق يەردىن كوكدىن ساچىلۇر

ئاندىن كىن ھەممە قىزلەر بىر يولى سەھنەنى ئايلىنىپ تووەندىكى ناخشانى ئوقوپئوينايدۇ:

كون چىقىش نىڭ يىلقىسى كون پىتىشدا ياپايسون
كون پىتىش نىڭ بوغراسى كون چىقىشدا ئوينىسون
باغ بولبولى تاغدىكى گولوستاندا سايرىسون
تاغ جەگرەنى باغدىكى بوستانلەردە ئوتلىسون

مىڭلەر ياشا كون خانىم ئولوغ خاتون چولپانىم
قوتلوق بولسون بو بىرلىك قوتلوق جانىم توركانىم
خوش بەخت ياشا بىلگە بەگ گوزەل چىچەك جانانىم
مەڭگو ياشا تورك ئەلى ساكا پىدا بو جانىم

# پەردە

---

تورا : قورغان.

يارلىغ : بويروق .

ئوگدو : مەدھ ۋە سانا ، ذىكير

ساندواچ : بولبول .

ئولاس كوز : خومار كوز .

تورومتاى : بىر خيل كىچىك ئاۋ قوشى .

چىن : راستيدىن ، ھەقيقەتلىك

چىچكىم : ئەسلى " چىچەك" دور . كوچادا كيشى نىڭ ئاتىنىڭ ئاخىرىغا " م " ھەربى قوشوش ئادىتى بار ، تورسونوم ، ئادىللەم ۋە ئايشەم گە ئوخشاش.

جەگرەن ۋەيا جەغرەن : تاغ كيگى .

# تۈگىدى







ئويغۇر دەورىگە ئائىتبەزى تىپلەر

**Uygur Devrine ait bazı tipler.**
**(Bak.Pro.Dr.Bahaeddin ÖGEL, Türk Kültür Tarihi, 1962, Ankara, s. 356,358.)**





AltunOq

